ISSN: 2602–389X

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2018 ـ يىللىق 1 ـ سان

ئومۇمىي 3 ـ سان







«مەھمۇد قەشقىرى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «ئەلىشىر نەۋايى»، «مۇقام»، «گىلەم»، ... قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەرنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان سەنئەت تارىخىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان رەسسام غازى ئەھمەد(1935~2017) ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى.

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

**ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:**

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو ـ سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)

**ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:**

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

**ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:**

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل ـ يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

**ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:**

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: ئىزدىنىش ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

/izdinish    /izdinish

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

2018 ـ يىللىق 1 ـ سان
ئومۇمىي 3 ـ سان
ISSN: 2602–389X

**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**
مۇرات ئورخۇن

**تەھرىر ھەيئىتى**
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋىتسىيە)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقىرى (تۈركىيە)
ماھىرە چالىك (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
ئايبىكە تەۋپىق (تۈركىيە)

**خەتتات**
نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**
ئالىمجان ئىبراھىم

## بۈيۈك رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ ۋاپاتىغا

رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ........... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋىتسىيە) 1
ئۆكسۈپ، ئۆكسۈپ ........................................................ بۇغدا ئابدۇللا 4
مەرھۇم ئۇستاز غازى ئەھمەدكە مەرسىيە ................................ دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا) 5

## باللار تىلىدىن

ئانا تىلىم ................. مارۋايىت مۇخىپۇلوۋا (قازاقىستان) 23
ئانا ........................................ دىلبىرىم مۇسائەۋا (قازاقىستان) 24
دوختۇر ......................................مېھرىۋان ئارۇپ (قازاقىستان) 24
ئانا ـ تىلىم ................................ رۇسلان ھوسەن (قازاقىستان) 24

## ھېكايىلەر باغچىسى

مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى ................................................ نۇر روزى 6
مۇقەددەس ۋەزىپە .............................................. ھەببۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 12

## شېئىرىيەت گۈلزارى

باللار ناخشىسى ................................................ مەمتىلى ئەپەندى 25
ئۆلۈم ئالدىدا ................................................ ئەنۋەر ناسىرى 25
«شەيتانچاق» تىن ئاۋاز ................................................ تۇرسۇن نىياز 26
يىللارغا جاۋاب ................................................ لۇتپۇللا مۇتەللىپ 30
شېئىرلار ..................................... ئەزىمجان نىزامىي (قىرغىزىستان) 32
سۆيگۈ سۆزلىرى ..................................... تىمۇر كوجائوغل (ئامېرىكا) 34
پۈتمىگەن ئەسەر ..................................... ئابدۇۋەلى تۇرسۇن (گېرمانىيە) 35
ئاخىرقى ئاۋاز .....................................ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋىتسىيە) 39
ئاخىسكا خەلق شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار ................ مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان 41

ئانا ........................................ سامەد ۋۇرگۇن (ئەزەربەيجان) 42
مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
ۋەتىنىمنى سۆيەر ھەر كىشى ........................ ئەنۋەر ئاكاتسىيە (شىۋىتسىيە) 48
شېئىر ۋە كېچە ........................................ ئارسلان بايىر (تۈركىيە) 49
كەچۈر ئانا، مەن قىلالمىدىم ........................................قۇدرەت ئەزىز 50
ئەي ۋەتىنىم، يىراق سۇرگۇنگاھ! ........................ ئەخمەتجان ئوسمان 50
تەنلىرىم ياپراق ........................................ تۇرغۇن ئالماس 53
ئىككى شېئىر ........................................ مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە) 55
سۇرتۇپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى ........................ئابلىكىمجان سابىت ئوغلان 57

## بىلىم ۋە تەتقىقات

تۇزىماس چېچەكلەر ـ ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ........................ ھاجى ئەخمەت 18
ئانار نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي ۋە سىمۋوللۇق ئورنى ھەققىدە ........................ زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋىتسىيە) 44

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

«100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى ........................ 60
ئالمۇتادا «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى ........................ 61
ئۆزبېكىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئەلىشىر ناۋائىي بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى خاتىرىلىدى ........................ 62
«ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى ........................ 65

## ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن

ئامانەت ۋە خىيانەت ........................ ئابدۇلئەھەد ئابدۇللا تىۋىش (تۈركىيە) 27
ساداقەت (ئەدەبىي خاتىرە) ........................ ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 37
18 تۆگە ھېكايىسى (مەسەل) ........................ئېنگلىزچىدىن دىلدۇز تېلمان ھەسەن تەرجىمىسى 43
ئەقىللىق دېھقان (چۆچەك) ........................ ئېنگلىزچىدىن دىلدۇز تېلمان ھەسەن تەرجىمىسى 54

مۇقاۋىدا: مەرھۇم ئۇيغۇر رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ مۇقام ناملىق رەسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە)

2017-يىللىق يازلىق دەم ئېلىشىمنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزدۈم. ئىستانبۇلغا مېڭىشتىن ئىلگىرىلا رەسسام غازى ئەھمەت ئاكىمىزنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق ئەسلىمىسىنى ئوقۇشنى پىلان قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئىستانبۇلدىكى ۋاقىتلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنى دېڭىز ساھىللىرىدا، كىچىك باغچا ۋە چايخانىلاردا كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە پىكىرداش، قەلەمكەش دوستلىرىم بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

رەسسام غازى ئەھمەت ئاكىمىزنىڭ كىتابىنى ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى 548 بەتلىك بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىشكە كۆزۈم يەتمىگەن ئىدى. چۈنكى مېنىڭ نەزەرىمدە بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي جەھەتتە ياخشى بولسىمۇ، ئەمما يېزىقچىلىق جەھەتتە كۆپ ئاجىز ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ كىتابنىڭ مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىشىغا گۇمان قىلاتتىم .ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستانبۇلنىڭ 8-ئاي مەزگىلى ھاۋانىڭ تازا قىزىغان مەزگىلى بولۇپ، راھەتلىنىپ كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ قولايسىز ئىدى.

بىراق مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ، ئىككى بەت ئوقۇپلا كىتابقا كىرىشىپ قالدىم. ئون كۈندىمۇ ئوقۇپ بولۇشقا كۆزۈم يەتمىگەن كىتابنى بىر ھەپتىدە ئوقۇپ تۈگىتىپتىمەن. كىتابتىكى ئىنچىكە تەسۋىرلەر، مول تۇرمۇش بىلىملىرى، خەلق تىلىغا يېقىن بولغان بايان شەكلى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. غازى ئەھمەت ئاكىمىز 70 ياشتىن ئاشقان تۇرۇقلۇق كىتابتا باللىق چاغلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ۋەقەلەردەك ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادقا بىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ نەقەدەر ياخشىلىقىنى نامايان قىلغانىدى. ئاپتور كىتابىدا «شىكايەت» ناملىق ساتىرىك شېئىرىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ پىششىق تىلى،مۇكەممەل ۋەزنى، تۇراقلىرىدىن ئۇنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى. ئاپتورنىڭ يەنە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى «ئارزۇ»

ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان بولۇپ، غازى ئەھمەتنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتىنىمۇ تولۇق نامايان قىلىپ بەرگەن. مەن بۇ نوقتىلاردىن ئەگەر غازى ئەھمەت ئاكىمىز رەسىم سىزماي ئەسەر يازغان بولسا زامانىمىزدىكى مەشھۇر يازغۇچىلىرىمىزدىن ياكى شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ قالار ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم.

بىراق غازى ئەھمەت ئاكىمىز يازغۇچىلىق يولىنى تاللىماي، رەسساملىق يولىنى تاللىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رەسساملىقىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولدى، رەسساملار ئارىسىدا ئۇستاز ئاتالدى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر گۈزەل ـ سەنئەت مائارىپىغا ئاساس سالغۇچى مائارىپ يېتەكچىسى بولدى. بولۇپمۇ«"ئادەم رەسىمنى سىزسا گۇناھ بولىدۇ" دېگەن قاراشقا بىرەر مىڭ يىللاردىن بىرى كۆنۈپ قالغان بىر خەلقنىڭ پەرزەنتى» ۋە ئىمامنىڭ بالىسى بولغان غازى ئەھمەتنىڭ سەنئەت ئىدىئولوگىيىسى زاۋال تاپقان بىر زاماندا رەسساملىققا ھەۋەس قىلىشى ھەقىقەتەن بىر جاسارەت ئىدى.

رەسسام غازى ئەھمەت ئۆزىنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىشىچە، 1933ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەينى چاغدا «قورغان »دەپ ئاتالغان، ھازىر «نەزەرباغ» دەپ ئاتىلىدىغان يېزىسىدا، ئەھمەت قازى ئاخۇنۇم ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ يەتتىنچى بوۋىسى ئىبلىجان ھاجى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدىن بولۇپ، 1710ـ يىلى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى «قورغان» يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ دادىسى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي ئۆلىما بولغانلىقى ئۈچۈن ئوغلى غازى ئەھمەتنى بەش يېشىدىلا مەھەللىسىدىكى مەدرىسكە ئەۋەتكەن. غازى ئەھمەت مەدرىستىكى ۋاقتىدىلا خەت ساۋادىنى چىقىرىپ بولغان بولۇپ، كېيىن باشلانغۇچقا كىرىپ ئوقۇغاندا ئانچە قىينالمىغان. 1945ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، 1946ـ يىلى 8ـ ئايدىن تاكى 1949ـ يىلغىچە قارىخانىدا ئوقۇغان. 1951ـ يىلى 12ـ ئايدىن باشلاپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان.

رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ 1949ـ يىلىدىن 1951ـ يىلى 12ـ ئايغىچە بولغان ئارلىقتىكى ھاياتى پەيزىۋات، مارالبېشى ۋە ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەردە سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن بولۇپ، ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. گەرچە غازى ئەھمەت غۇلجىغا چىقىپ ئوقۇش نىيىتى بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىدىگە يېتەلمەي نۇرغۇنلىغان ئەززىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

1954ـ يىلى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەنىدە غازى ئەھمەتنىڭ رەسىم سەنئىتىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ۋە رەسىم سىزىشقا بولغان زور قىزىقىشىنى بايقاپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلغان. 1957ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئانا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان.

رەسسام غازى ئەھمەت ئۆزىنىڭ رەسساملىق كەسپىدە مول نەتىجە قازانغان تەجرىبىلىك رەسسام بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان گۈزەل سەنئەت مائارىپىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان شەخس ئىدى. غازى ئەھمەتنىڭ رەسىملىرى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرى ئۇيغۇر كىشىلىك ئوبرازىنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ياشاش شەكلىنىڭ، مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ، روھى ھالىتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ۋە ئېنىق كۆرۈنىشى ئىدى.

رەسسام غازى ئەھمەت خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بوش قالغان گۈزەل ـ سەنئەت مائارىپىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىچىكىدىن يېتىلگەن سەنئەت قىزىقىشى ۋە كېيىن مەكتەپتە سىستېمىلىق بىلىم ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقىچە سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئۇسلۇبتا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. سوتسىيالىستىك رېئالىزم سوۋېت قىزىل ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان يېڭىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم ئىجاتكارلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا چوڭقۇر تەسىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆرسەتكەن ئىدى. رەسسام غازى ئەھمەت مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرى دەل ئاشۇ خىل سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق مائارىپ مودېلى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بازار تېپىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، بۇ غازى ئەھمەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ، جۈملىدىن پۈتۈن ھاياتىدىكى رەسساملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەندى. سوۋېت سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئاتىلىرى ھېسابلانغان گېرىيازوف ،چېسكاكوف ۋە رېپىنلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى غايىۋى ئۇستازلىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رېئالىزملىق ئېقىمىدىكى بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ يازمىلىرىدا ۋە باشقىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىلىرىدا ناھايىتى ئېنىق ئېيتقان بولۇپ، ھازىرقى زامان غەرب رەسساملىقىدا قوللىنىلىۋاتقان ھېسسىيات ۋە تەپەككۇرنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى بولغان شەكىلسىزلىكنى قوللىمايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە شەكىلسىز سەنئەت بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. رەسسام غازى ئەھمەت رەسساملىق سەنئىتىدە مۇھىم بولغان رەڭ ۋە نۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئەراپات ھۆسەنجاننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «مۇقام ۋە غازى ئەھمەت» ناملىق زىيارەت خاتىرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن. «ئادەتتە رەڭ نۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەتىگەندە سوغۇقراق كۆرۈنسە، كەچتىكى شەپەقتە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، ھاۋا تۇتۇق مەزگىللەردىكى رەڭلەرمۇ يەنە مۇھىتقا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. يەنى رەڭ سىزماقچى بولغان ئوبيېكت ياكى مەزمۇنغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاللىنىلىدىغان رەڭ يەنە شۇ رەسسامنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ مۇھىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. قەشقەرنىڭ ھاۋارايى قۇرغاق، تۇپرىقى كۆپىنچە سېغىز تۇپراق، يەنە قۇممۇ بار. مەن ئاشۇنداق جايدا چوڭ بولغاچقا، ئاشۇ تۇپراقنىڭ رەڭگى، يەنى ئىسسىق رەڭگە بەكرەك مايىلمەن. ئەمما، ‹قاناس› قاتارلىق رەسىملىرىدە سوغۇق رەڭنى كۆپرەك ئىشلەتكەنمەن.»

رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ رەسىم ئىجادىيىتى ئاساسەن ماي بوياق رەسىمنى ئاساس قىلغان بولۇپ، جۇڭگوچە رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.خەتتاتلىق ۋە باشقا سەنئەت ئەسەرلىرى قوشۇمچە ھەۋەسلىرى قاتارىدا ئېلىپ بېرىلغان. رەسسام غازى ئەھمەت ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ھەر خىل تېما ۋە ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى رەسىملەردىن تەخمىنەن 150 پارچىغا يېقىن رەسىم سىزغان بولۇپ، بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا قىستۇرما قىلىنغان.

مەن رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ رەسىمى بىلەن تۇنجى قېتىم 1984-يىلى ئۇچراشقان ئىدىم. بىز 1984-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلدۇق. ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ يەنى 10-ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىكى يەكشەنبە كۈنى ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مەقبەرىسىگە زىيارەتكە باردۇق. گەرچە 1983-يىلى ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى دەپ، ئاتىلىۋاتقان قەبرىنىڭ مەھمۇت كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا خەلق ئارىسىدا ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى دېگەن نام ئومۇملاشقانىدى. ئۇ چاغدا مەھمۇت كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ھازىرقىدەك ياسالمىغان بولۇپ، كاكىل لايدىن قاتۇرۇلغان قەبرە كونا گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ئىدى. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر كونا گۈمبەزنىڭ بىر تەرىپى چېقىۋېتىلىپ، ياغاچ ۋە خىشلىرى بىر تەرەپكە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. شۇ چاغدا بىزگە چۈشەندۈرگۈچى بولغان مەھمۇت كاشغەرى قەبرىسىنىڭ باققۇچىسى بىزگە مەھمۇت كاشغەرىنىڭ دوپپا كىيىپ يازما ئوقۇۋاتقان رەسىمنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ رەسىمنى رەسسام غازى ئەھمەت 1981-يىلى سىزغان بولۇپ، مەن بۇ رەسىمنى سىزغۇچى رەسسامنىڭ غازى ئەھمەت ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلگەنىدىم.بىز بۇ قېتىملىق زىيارىتىمىزدە يەنە مەھمۇت كاشغەرىنىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيەنىڭ ۋە 19-ئەسىردىكى كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولغان تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ قەبرىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ قەبرىلەر مەھمۇت كاشغەرى قەبرىسىنىڭ سەل يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇرلىرىنىڭ پروتوتىپى ئاساسى سالماقنى ئىگىلىسە، جۇڭگوچە رەسىملىرىدە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ رېئال كارتىنىلىرى ۋە سەنئەتكە باي

خارەكتېرىنىڭ نازۇك قىياپەتلىرى مۇھىم ئورنىدا تۇردى. «مەھمۇت كاشغەرى»، «يۈسۈپ خاس هاجىپ»، «ئامانىنساخان»، «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر»، «مۇقام»، «سەلەي چاققان»، «غېرىب ـ سەنەم»، «نازىركوم»، «مەشرەپ» قاتارلىق ئەسەرلەر رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ۋەكىل خارەكتېرلىك ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن بۇ رەسىملەرنى بىلمەيدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك.

رەسسام غازى ئەھمەت شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپاراتىدا ئۇزۇن يىل باش مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئاتقۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان سەنئەت ساھاسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد سەنئەتكارلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىكى تالانتى ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەردىكى ئاكتىپچانلىقى بىلەن شەرقىي گېرمانىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، بۇلغارىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ،ئىتالىيە، تۈركىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان. ـ1994يىلى پارىژ، ئەنقەرە، ئىستانبۇلدا، ـ1998يىلى ئىراندا ئۆزىنىڭ شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئاچقان.

ھازىرقى غەرب رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن قارىغاندا گەرچە رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ رىئالىستىك ئۇسلۇبتىكى رەسىملىرى ئاللىقاچان مودىدىن قالغان سەنئەت ئەسەرلىرى ھېسابلانسىمۇ ،ئەمما ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى، مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى ۋە ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ پىروتوتىپى بىلەن يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە رەسساملىق سەنئەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان رەسسام غازى ئەھمەت ـ2017يىلى ـ11ئاينىڭ ـ26كۈنى84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# بۈيۈك رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيەلەر

## *ئۆكسۈپ، ئۆكسۈپ...*

*بۇغدا ئابدۇللا*

بۇ نېمە كۆرگۈلۈك،
ئۇزاپ كەتتىمۇ ئەرشى ـ پەلەككە؟!
قارىلىق تۇتتى ئۈرۈمچى بۇ كۈن،
دەز كەتتىغۇ ئەجەب يۈرەككە.

بۆرە بويۇن بولدۇ ئەركەك،
ئوخشىمايدۇ خېمىرغا بېلى.
تارىخنىڭ باھاسى ھەق ـ راست،
غىجەك دەستىسى ئەمەس، خەلقنىڭ ئوغلى!

ـ2017يىلى 26 ـ نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەرھۇم ئۇستاز غازى ئەھمەدكە مەرسىيە

## دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

ھەسرەت چەكتى، قەلبنى تەكرار، كۆڭۈل غەش بولدى،
گويا چاقتى، شىددەت چاقماق، كۈن ئۇ تۈن بولدى.
رەسسام ئۇستاز قىپتۇ بۈگۈن مەڭگۈگە سەپەر،
دىلدا قايغۇ، كۆزلەردە ياش، مۇسىبەت بولدى.

ئەلنى سۆيگەن ئەل ئوغلىدى، يالقۇن يۈرىكى،
ئەل سىماسى ئىجادىدا نامايەن بولدى.
"مۇقام"، "مەھمۇد قەشقىرى" ھەم "جىنايى ھۆكۈم"،
قايىل قىلىپ، قەدىرلىنىپ، تۆردىن يەر ئالدى.

ئىقتىداردا تەڭداشسىزدى، ماھارەت قولى،
سانسىز ئەسەر خەزىنىگە جاۋاھىر قاتتى.
ئەلگە چۆكتى، ئەلنى سىزدى، ئەلنى تونۇتتى،
بۈگۈن خەلقىم بىر تايانچتىن ئايرىلدى، قالدى.

"ھاياتتىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر"ى ئوبرازلىق،
ئاڭلىتىدۇ مەشھۇر رەسسام ھايات يولىنى.
ئىسپاتى ئۇ، بىر تىنىمسىز، جەڭگىۋار روھنىڭ،
ئالغا ئۈندەر ئەجرلىرى، ئىجاد سىرلىرى.

ئۇستاز كەتتى ئەمما باردۇر ئىزباسارلىرى،
مەدەنىيەت، تارىخ، ئادەت ھىمايىلىرى.
ياشار ئەبەد ئەل ئىچىدە قۇت ئەسەرلىرى،
نۇر ئىچىدە ياتقاي ئۇستاز، شاد بولغاي روھى.

2017 ـ يىلى 26 ـ نويابىر، كالىفورنىيە



# مۆمىنىڭ مومىغا چىقىشى

نۇر روزى (ھېكايە)

بەقەسەم تون كىيگەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق ئادەم كۆك سىرلانغان كەڭ دەرۋازىدىن ئاق بوز ئاتنى يورغىلىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، مەكتەپ سەھنىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، تىزگىنىنى يەڭگىل تارتتى. ئات توختاپ، سوزۇپ ـ سوزۇپ ئىككى قېتىم كىشنىدى ـ دە، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى چاپچىشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ياشقىنا خىزمەتچى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى:

ـ تېنچ ـ ئامان كەپلا مۇدىر؟ دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىلىك ئېلىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى.

ـ خوش، بۈگۈن نېمە بولدى؟ مەكتەپ چۆلدەرەپ قاپتىغۇ؟

ـ مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سېلىنىڭ تۆگەدۆڭ دىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى.

مۇدىرنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايى سەل ئېچىلدى. سېمىز قوللىرى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى ئىككى يانغا تاراپ قويدى. خىزمەتچى ئالا يوللۇق بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان كىچىككىنە مىس چىلىم بىلەن قىزىل پۆپۈكلۈك تاماكا خالتىسىنى چىقاردى. تاماكىنى ئۈگدەپ، سەيخانىغا تولدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنى جوغلاپ مۇدىرغا تۇتتى. ئۆزى بولسا ئاتنى سوۋۇتۇشقا تۇتۇندى. مۇدىر تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردىدە، خىزمەتچىنىڭ ئاتنى سوۋۇتۇشقا نەزەر سالغاچ، چىلىمنى خورۇلدىتىپ چېكىشكە باشلىدى. خىزمەتچى ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چىلىمنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردىدە، تۇيۇقسىز سورىدى:

ـ تەرتىپ مۇدىرىچۇ؟

ـ ئادەم ئۇقۇشقىلى كەتتى.

ـ ئادەم ئۇقۇشقىلى؟ نېمە ئىش قىلماقچىكەن؟

خىزمەتچىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتتىدە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى.

ـ بايراقنىڭ تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن، دېدى ئۇ ئېگىكى بىلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغىچىنى كۆرسىتىپ،موماغا چىقىپ تانىنى غالتەككە يۆگىيەلەيدىغان ئادەم تېپىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ـ ھە؟!

مۇدىر بېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ سېرىق تاماكىسىنىڭ تەسىرىدىن سىرقىراپ تۇرغان بەدىنىنى ئوڭلاپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغان ئىدى، مومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان گومىنداڭ بايرىقىغا كۆزى چۈشتى. ھەر كۈنلۈكى 20 غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان 12 بۇرجەكلىك، ئاق كۈن نۇرى چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالاپاساق ئۈكلىنىپ قورۇلۇپ قالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكى بىردىنلا پىژژىدە ئېچىشتىدە، يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، سېمىز گۆشلىرى لىپ ـ لىپ تىترىدى، بۇرۇتى لىكىلداپ، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ، بايراقتىن كۆزىنى ئالمايلا ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتچىسىدىن سورىدى:

ـ نەچچە كۈن بولدى؟

ـ تۈنۈگۈن شۇنداق بولغان ئىكەن.

مۇدىر خۇددى بىر كىشى چۆرگىلىتۋەتكەندەك پىرىرىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، يوتىسىغا بىرنى شاپىلاقلاپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىمۇ ئاتنى ئاتخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن مىس چىلىمنى دەرھال چوغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىشخانىغا كىردى ۋە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىككى قوللاپ چىلىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. مۇدىر چىلىمنى قاتتىق ـ قاتتىق ئىككىنى شورىدىدە، ۋارقىرىدى:

ـ ئاتقا مىنىپ تېز ماڭ! بېرىپ تەرتىپ مۇدىرىنى تېپىپ كەل!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

- خوپ!

خىزمەتچى چىقىپ كەتتى، مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇيان-بۇيان ماڭغىلى تۇردى. ئارىدىن بىر چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندە تەرتىپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى-دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

- خوش، نۇسرەت ئەپەندى.مەكتەپ مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى،مەن ئۇيۇشمىغا يىغىنغا كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى؟

- بىر ھەپتە.

- ئۇنداق بولسا، بىر ھەپتىدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

- كۆرسەتمىلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، بەلگىلىكىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق پىرقە(پارتىيە) ئەزالىرىنى يىغىپ، جاھاننىڭ دۆڭچۇڭقۇرلىرىنى تىڭ تىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم. ئۇلار ئاڭلىغان بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى. ئىككىنچىدىن، 50 ئائىلىگە بىردىن پىرقە ئەزاسىنى نازارەتچىگە قويساق، يەنە 4 پىرقە ئەزاسى كەملەيدىكەن، بىز نىشانلىغان ئونبېشىلارغا ئانكېتىنى توشتۇرۇپ بەرسەممۇ ئۇلار قول قويۇشنى ئارقىغا سوزۇۋاتىدۇ، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى تاپالمىدىم، يەنە 10 ئانكېتقا تېخى ئادەم يوق.

- خوش، ئۇنداق بولسا، ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ كەم 4 ئادەمنى قەتئىي تولدۇرۇش كېرەك! ئەتە مۇشۇ ئىشلارنى تەكشۈرگىلى زۇڭبۇدىن ئادەم كەلمەكچى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك تېخى بايراقنىمۇ چىقىرالماپسىلەر، ئادەم ئۇقۇشتۇڭمۇ؟ قېنى ئۇ ئادەم؟

- ئۇقۇشتۇم، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى.

- قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ؟

- 13 ياشلىق بىر بالا.

- 13 ياشلىق بالا؟ كىچىك بالا 20 غۇلاچلىق مومىغا قانداق چىقالايدۇ؟

- چوڭ ئادەم ئەسلا چىقالمايدۇ. موما ياغىچى ئىنچىكە، يېرىمىغا چىقىپ بولغۇچە سۇنۇپ كېتىدۇ،-تەرتىپ مۇدىرى دۇدۇقلىدى،نا... ناۋادا چىقالمىسا، مومىنى ئۆ...ئۆرۈپ، قايتا تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ.

- قاپاقباش!مۇدىر شىرەگە داققىدە مۇشتلىدىدە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىگىز قولىنى تەرتىپ مۇدىرىنىڭ بۇرنىغا شىلتىدى،ئەتە زۇڭبۇدىن تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدۇ دەۋاتسام، سىززە يەنە مومىنى ئۆرۈپ قايتا تىكلەيلى دەۋاتىسىز. نېمە دېگەن دۆتلۈك بۇ؟ سۈپىنى چۇۋۇپ، مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ؟!تېخى كۆمۈلگەن بېشى سېسىپ كەتكەن بولسىچۇ؟! سىلەرنىڭ غەرىزىڭلار ماڭا مەلۇم! مېنىڭ ئېشىمغا توپا سالماقچى! ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى!

تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ كەتتى؛ ئۇ، پېشانىسىدىن چىققان تەر كۆزلىرىگە چېپىلداپ ئېقىپ كىرىپ ئېچىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، سۈرتىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، كۆزىنى چىملىدىتاتتى.

- كەچۈرسىلە مۇدىر، مەن خاتا سۆزلەپ سالدىم.

- ھىم! خاتا سۆزلەپ سالغانمىش! سىزنىڭ كاللىڭىزدا شۇنداق ئوي بار! قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى! مومىغا قانداقلا بولمىسۇن بىرسىنى چىقىرىش كېرەك! زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلۇغ پىرقىمىز بايرىقىنىڭ ھەمىشە كۆكتە لەپىلدەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىرەر ئادەمنىڭ خۇنىدىن كەچسەكمۇ مەيلى!

- ئۇقتۇم.

- ئۇ بالا مومىغا چىقالامدىكەن؟

- چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ دەرەخكە يامىشىشتا مەھەللە بويىچە داڭ چىقارغان بالا ئىكەن. ئۆزىمۇ چىقالايمەن دەپ ھۆددە قىلدى. لېكىن ئۇ ھارامزادە بىزگە بىر شەرت قويىۋاتىدۇ، يالغاندىن ماقۇل بولۇپ ئەكەلدىم.

- شەرت؟! قانداق شەرتكەن ئۇ؟

- دادىسىنى قاماقتىن قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرىۋالدى.

- دادىسى كىمكەن؟ نېمە ئۈچۈن قامىلىپتىكەن؟

- سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە نىمكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بەش تۆگمەنلىك بىر كۆنچى. ئەسلىدە ئۇ ئىلىلىق ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى بىر نەچچە يىل ئۇرۇش قىلغان قىزىل پاچاق ئىكەن. بېتىمدىن كېيىن قولغا چۈشۈپتۇ.

- ھە، ئۇنىڭ بالىسىغا نېمە دەپ ۋەدە بەردىڭىز؟;

- داداڭنى بوشىتىپ بېرىمىز دەپ.

- ئوبدان دەپسىز، ئىشنى كىچىكتۈرمەي تېزرەك ھەرىكەت قىلىڭ! قاراڭ! مەن بىر رايوننىڭ پىرقە شۇجىسى، سىز بولسىڭىز بىر ھەيئەت. ھەر ئىككىمىز چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار ئادەملەر، قېرىشقاندەك بىز تۇرغان مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقى چىقىرىلماي مومىنىڭ يېرىمىدا ئەسكى پالازدەك ساڭگىلاپ تۇرسا. بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟! بۇ بايراق پىرقىمىزنىڭ جېنى. يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇ بايراق چىقىرىلماي مۇشۇنداق سالپىيىپ تۇرۇۋەرسە، كاللىمىزغا سەگەك بولساق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بايراقنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك. مەن پىرقىمىزنى قىزىل پاچاقلاردىن قوغدايمەن دەپ تېخى تۈنۈگۈنكى

يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم قەسەمياد قىلدىم. مانا بۇ مىنىڭ قەسىمىمنىڭ گۇۋاسى،ئۇ شايى كۆينىكىنىڭ تۆگمىسىنى يېشىپ، يۇڭلۇق مەيدىسىنى كۆرسەتتى. تەرتىپ مۇدىرى چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق بىلەن X بەلگىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن هازىرمۇ قان چىقىپ تۇراتتى. مۇدىر ئالدىرىماي، خۇددى قەدىمنى ساناۋاتقاندەك چوڭ قەدەم بىلەن ئۇياندىن بۇيانغا بىر نەچچە قېتىم ماڭدى، ئاندىن تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

ـ مۇنداق ئادەمنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ، بۇگۈنكى مۇشۇ بايراق چىقىرىش يولىدا نەزىر قىلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ... ئايهاي! بۇ پىرقىمىز ئۈچۈن زور ساداقەت ... تىلىمىز تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

ـ خوش، سىز چىقىپ، ئۇ بالىنى كىرگۈزۈۋېتىڭ. ئەهۋالنى داۋۇتبەككە مەلۇم قىلىپ قويۇڭ.

ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك تامباللىرى يىرتىلىپ، ئالايىپشىل ياماقلار چۈشكەن، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ، قىزغۇچ توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئۇرۇق ئېگىزغىنە بالا بوسۇغىدا كۆرۈندى. مۇدىر لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

ـ هە، كەل، كەل ئوغلۇم، مەيەرگە كېلىپ ئولتۇر.

بالا ئولتۇرمىدى، مۇدىرغا تىكىلىپ قاراپ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇۋەردى. مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىدە، قولىدىن بوشقىنا تارتىپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. يۈزىگە يالغاندىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بالىغا بىر ئاق ناننى تۇتقۇزدى. " يە ئوغلۇم" دېدى ئۇ تومشۇقىدا ئىملاپ ناننى كۆرسىتىپ. بالا ناننى چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ يەۋاتقاندا، مۇدىر ئۇنىڭ پۇتىغا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ دۈمبىلىرى يېرىلىپ، خۇددى قوماچتەك ئېتىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تاپانلىرىغا قارىدى. تىكەن، شوخا كىرىپ شور پېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۈكچە سالغان تۆشۈك ئىدى. قىرىۋالغۇدەك گۆشى يوق قوللىرى بولسا، تارىشىدەك قاتتىق ئىدى. مۇدىر ئىچىدە "مومىغا چىقالايدۇ" دەپ هۆكۈم قىلدى. ئۇ گويا ئۆزىنى بالىغا ئېچىنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ:

ـ ئىسمىڭ نېمە؟دەپ سورىدى.

ـ مۆمىن.

ـ داداڭنىڭچۇ؟

ـ مۇسا.

ـ ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ خەت بىلەمسەن؟

ـ سوپاخۇن باينىڭ ئۆي ـ كالىلىرىنى باقىمەن، خەت بىلمەيمەن.

ـ نەچچە كالا باقىسەن؟

ـ يىگىرمە.

ـ يىگىرمە؟ هەي ئىسىت، كىچىككىنە بالىغىمۇ شۇنچە جىق كالا باقتۇرامدۇ! تۈزۈكرەك كىيىم ـ كېچەكمۇ بەرمەپتۇ. هەي بىچارە، پۇتلىرىڭ يېرىلىپ ئاقتاملىقىنىڭ چالمىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ساڭا بەك ئۇۋال بوپتۇ. بۇنداق ئىنساپسىزلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك!

ئۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىن نىمكەش بولغان تاسمىلىق بىر جۈپ كەشنى ئېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

ـ مە، مۇنۇ كەش پۇتۇڭغا چوڭ كەلسىمۇ كىيىۋالغىن .

بالا كەشكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپلا قويدىدە، سالماقلىق بىلەن سورىدى:

ـ بايراقنى چىقىرىپ بەرسەم، دادامنى قويۇپ بېرەمسىلەر؟

ـ قويۇپ بېرىمىز، خۇش بولامسەن؟ ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار يەنە بىللە بولىسىلەر.

ـ راستما؟

ـ راست بولمايچۇ، ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن، مۇدىرنىڭ كۆزلىرى بالىغا تىكىلدى.

ـ ئۇنداق بولسا تىلخەت بەرسىلە.

ـ مۇنداق دېگىن، تىلخەت يېزىپ بېرىش تەسمىدى. قاراپ تۇر.

مۇدىر قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ شىتىرلىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى:

*تىلخەت*

*مەنكى بەئىتتۇگمەن كەنتىدىكى سوپاخۇن باينىڭ ئىمكىرى مۇسا قويچىنىڭ ئوغلى مۆمىن ئىشۇ تۈغرىسىدا هۆججەت بېرىمەنكى، مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جېنىمنى پىدا قىلىپ كەلدىم. پىرقىمىزنىڭ بايرىقىنى چىقىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن بىرەر هادىسىگە ئۇچرىسام پىرقە ئۈچۈن ئىشەهىت بولغايمەن. بۇنىڭغا هېچ كىشىنىڭ دەۋا قىلىشىغا هەققى يوقتۇر.*

*تىلخەت بەرگۈچى: مۆمىن مۇسا .*

*ئاهىتلار:*

*مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسەدۇللا .*

*تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت ئەخمىدى.*

*جۇڭخۇا مىنگونىڭ ـ37يىلى ـ9ئاي.*

مۇدىر تىلخەتنى مۆمىنگە ئۇزاتتى. بالا بېشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چايقىدى.

ـ خەت بىلمەيمەن، ئۆزلىرى ئوقۇپ بەرسىلە.

ـ خوپ ئوقۇپ بېرەي، ـ مۇدىر سەل ئويلانغاندىن كېيىن يۇقىرىقى خەتنى مۇنداق ئوقۇشقا باشلىدى:

*"تىلخەت*

*مەنكى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسەددۇللا شۇ تۇغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى، سىۋاپخۇن بايىنىڭ يىللىقچىسى مۆمىن دېگەن بالا مەكتەپ بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئىلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دادىسى مۇسانى قاماقتىن بوشىتىپ بېرىدىغان بولدۇق.*

*تىلخەت بەرگۈچى: ئوسمان ئەسەددۇللا."*

ـ قانداق بوپتۇمۇ؟ سورىدى مۇدىر.

ساددا مۆمىننىڭ چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامرىدى.

ـ بوپتۇ،دېدى ئۇ خۇشاللىقنى باسالماي.

ـ بولغان بولسا ئىككىمىز تەڭ قول قويايلى.

مۇدىر سۇرۇقنى بالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ ئىسمىنىڭ ئۈستىگە باستۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تامغىسىنى باستى. بالا خەتنى قولىغا ئالدى. ئۇ بۇنداق ئەگرى ـ بۈگرى خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ، خەتكە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ، بۇ ئىلمەك ـ تۇقۇناق سىزىقلار ئارىسىدىن دادىسى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى ـ دە، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا موما سۈپىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ موما سۈپىسىنىڭ قىشىدىكى پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ ـ سەكرەپ، سۈپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە مۇدىرغا قاراپ دېدى:

ـ قېنى ئەمىسە، دادامنى كەلتۈرۈپ بەرسىلە.

ـ ماقۇل، بايراقنى قانچە تېز چىقارساڭ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشىسەن، داداڭنى ھازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمىز، مۇدىر يېنىدا تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۈك بۇيرۇدى، تەرتىپ مۇدىرىغا ئېيتقىن! دادىسىنى تېزدىن مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسۇن! يەنە ئېيتىپ قوي: مەن ئېيتقان كۆرسەتمىگە دىققەت قىلسۇن!

خىزمەتچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بالا خاتىرجەم بولدى ـ دە، موماغا قارىدى. كۆك سىرلانغان 20 غۇلاچلىق بۇ موما ئىككى يەردىن ئۇلاغلىق بولۇپ، ھەر بىر ئۇلىغى ئۈچتىن چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەن ئىدى. ئۇ، موماغا بىردەم كۆز تىكىپ تۇردىدە، شىپپىدە ئولتۇرۇپ قوللىرىنى سۈپىنىڭ پىشىشىق خىشلىرىغا سۈركىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىردىن يەنە سورىدى:

ـ دادام نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

ـ سەن چىقىۋەر، داداڭ ھازىرلا كېلىدۇ.

موما مۆمىننىڭ قۇچىقىغا پاتمىدى. لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ مومىنى پۇتلىرى بىلەن يۆگەپ چىرماق سېلىپ قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇپ، مومىنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ يالمانتاقتەك يامىشىشقا باشلىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە، يەتتە غۇلاچلىق تۆۋەنكى ئۇلاقنىڭ چەمبىرىگە چىقىۋالدى. مۇدىر تۆۋەندە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ـ يىگىت! غەيرەت قىل! ئاز قالدى!

مۆمىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى چەمبەرگە دەسسەپ بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى ـ دە، يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى ئۇلاقتا يەنە ئىككى غۇلاچلا قالغان ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ كەتتى. ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ تىنالماي قالدى. ئاران دېگەندە ئىككىنچى ئۇلاقنىڭ تۆۋەنكى چەمبىرىگە چىقىۋالدى ـ دە، موماغا مەھكەم چاپلاشتى. ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى. دادىسى كۆرۈنمەيتتى، ئاغزىلىرىنى كاككۇكتەك ئېچىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مۇدىرنىڭ پۇرقىرىتىپ چىلىم چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

ـ مۇدىر، دادام تېخىچە كەلمەپتىغۇ؟

ـ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، غەيرەت قىل، يىگىت! دادىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دەپ نېمە قىلىدۇ؟ مومىنىڭ ئۇچىغا چىقساڭلا، داداڭنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ.

"مومىنىڭ ئۇچىغا چىقسامىلا دادامنى قۇتۇلدۇرالايمەن" دېگەن خىيال ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بېغىشلىغاندەك بولدى..

ئۇ يەنە موماغا يامىشىشقا باشلىدى. يۇقىرىلىغانسېرى موما ئىنچىكىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا بىمالال پاتقۇدەك بولدى. لېكىن ئىرغاڭلىشى كۈچىيىپ، تېخىمۇ سىلىقلاشتى، شۇنچە كۈچىسىمۇ چىرماقلىرى تۇتماي، بىر نەچچە قېتىم تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى. ئۇ ھاسىراپ دېمى تۇتۇلۇپ قالغاندا، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى موماغا چىڭ تىرەپ، بوينى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ سەل توختايتتى ـ دە، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى. مۇشۇ مومىدەك ئېگىز بولغان قاپاق تېرەكلەرگە چىقىپ، قاغا چاڭگىلىنى چۇۋۇشلىرى، ئانىلىرى قاناتلىرى بىلەن شاپىلاقلاپ تۇرسىمۇ قورقماي كۆكنەك باللىرىنى ئېلىپ چۈشۈشلىرى غىلپاللا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. تېرەكلەرگە چىقىش بۇ موماغا چىقىشقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. بۇ موما ئېگىز ۋە بەك سىلىق ئىدى.

ئۇ تەر كىرىپ ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مومىغا سۈركىدى. “مەيلى، قانداقلا بولسۇن چىقىش كېرەك، مومىغا چىقسامۇ دادامنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ. ” دادا!دادا!” ئۇ ھەر قېتىم “دادا” دېگەندە دادىسى ئۇنى يۆلەپ، يۇقۇرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتىدە، كۈچلىنىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى موما خۇددى قارا بوران سوققان زىلۋا سۆۋادان تېرەكتەك ئىرغاڭلايتتى. تۆۋەندىن مۇدىرنىڭ «غەيرەت قىل! تېز بول! ئاز قالدى! داداڭنى قۇتقۇز!” دەپ ۋارقىراشلىرىنى»، جامائەتنىڭ «ئۆزۈڭگە پەخەس بول! سىلكىنمە! يېنىپ چۈش!» دېگەن چۇقانلىرى بېسىپ چۈشتى. مۆمىن يەنە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئەنە! يەنە 3 غۇلاچ، 2 غۇلاچ، بىر غۇلاچ..موما ئىرغاڭلايتتى، سۇنۇپ كەتسە مۆمىننىڭ ئىشى تۈگەيدۇ..

مانا، ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ چۆلۈكىگە تەگدى ـ دە، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ، ئوڭ قولتۇقىغا چۆلۈك بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، چۆلۈكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى. سول قولى بىلەن تانىنى تارتىپ پۇتىغا ئۆزەڭگە قىلىپ دەسسەپ سەل دېمىنى ئالدى. ئۇ، غالتەككە قاردى تانا غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىدىن چىقىپ كېتىپ، چۆلۈككە يۆگىشىپ قالغان ئىكەن. ئۇ، بىر قولى بىلەن تانىنى سىلكىپ تارتىپ، غالتەكنى ئارقىسىغا ياندۇردى. موما ھەدەپ لەپەڭشىپ ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ تانىنى غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىغا سالدى. شۇ ئاندىلا ئۇ ئەتراپقا قاردى: ۋاي ۋۇي! نېمە دېگەن ئېگىز، جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئەنە، كۈنپېتىش تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ بىزنىڭ بەشتۈگمەنگە پەقەت بىر كۈنلۈكلا كېلىدۇ، جاھان ئەجەب كەڭرى ئىكەن. شۇنچە كەڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار! ھەي! كۈن ئالمىقىنىڭ تەسلىكى! شۇنداق ئاقكۆڭۈل دادامنى “قوي ئوغرىسى” قىلىپ سولىتىپ قويدى تېخى! ياق! بىردەممۇ ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىق كېرەك. دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك! ئۇ تۆۋەنگە قاراپ تووۋلىدى:

ـ مۇدىر، بايراقنى چىقارسىلا!

مۇدىر تانىنىڭ بىر قېتىنى تارتتى. بايراق كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى دە، تانىنى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى.. بايراق مومىنىڭ ئۇچىغا چىقتى ـ دە، بايراقنىڭ كالتىكى تاققىدە غالتەككە تاقاشتى. مۇدىر خۇشاللىقىدىن تووۋلىۋەتتى:

ـ بىزنىڭ بايراق يەنە مومىنىڭ ئۇچىدا لەپىلدىدى!

ھەي بالا، سەل تەخىر قىلغىن! يەنە بىر سىناپ باقاي!

دەل شۇ چاغدا، ئۈچ ئادەم پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، يۈزكۆزلىرى سارغىيىپ كەتكەن، ئورۇق ۋېجىككىنە، كەكە ساقال بىر بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. بوۋاي توپلىنىپ تۇرغان جامائەتكە ئېگىشىپ سالام قىلدىدە، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ مۇدىرغا قادالدى. مۇدىر بىر قەدەم داجىدى. كىشلەر مومىنىڭ ئۇچىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى، بوۋايمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مومىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆردىدە، چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىرىدى:

ـ مۆمىنجان! نېمىشقا مومىغا چىقىۋالدىڭ؟

ـ مۆمىن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەسكە قارىدىدە، خۇشاللىقىدىن تووۋلىۋەتتى.

ـ دادا! سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم.

بوۋاي ئەھۋالنى تېزلا چۈشەندى. ئۇ بالىنىڭ مومىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىدە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

ـ توختا! ...چۈشمە !

مۆمىن بۇ چاغدا سىيرىلىپ ئۈستۈنكى ئۇلاققا چۈشۈپ بولغان ئىدى. ئۇ چۆچۈپ چەمبەرگە دەسسىۋالدىدە، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دادىسىغا قارىدى. دادىسى يەنە ۋارقىرىدى:

ـ ئوغلۇم! ئاناڭنى ئۆلتۈرۈشكەندە، سەن ئۈستىدە بار ئېدىڭ، ئۇنى نېمە دەپ ئۇرغان؟!

ـ قىزىل پاچاق ئېرىڭنى تېپىپ بەر، دەپ!

ـ قانداق ئۆلتۈرگەن؟

ـ ئوت توغرايدىغان جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرگەن.

ـ ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بار ئىدى؟

بالا بېشى بىلەن مومىدىكى بايراقنى كۆرسەتتى:

ـ ماۋۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىگە ئوخشايتتى.

ـ بەشتۈگمەندە ئون توققۇز ئادەمنى مەيدىلىرىدىن تۆمۈر مىخ بىلەن ئۈجمىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قانداق بەلگىسى بار ئىدى؟

ـ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

ـ بېتىمدىن كىيىن تاشقورغاندىن يېنىپ كەلگەن قىرىق ئادەمنى تىرىكلا خۇمدانغا سالغانلارنىڭچۇ؟

ـ ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى.

ـ ئوغلۇم! سەن چىقارغان ئاشۇ بايراقنى يوقىتىمىز دەپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قۇربان بولدى. بىز يوقىتىمىز دەپ كۈرەش قىلغان بايراقنى سەن چىقىرىپسەن، قۇربان بولغان شېھىتلەرنىڭ روھىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ داداڭنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن؟

www.uyghurkitap.com

بالا شوكىكىدە بولۇپ قالدى. مۇدىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېتىپ، ئۆكۈرۈپ كەتكەن كۆينىكىنىڭ ئالدى پېشىنى قىپقىزىل بوييۋەتتى.

بالا بىردىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتىدە، ھايت-ھۇيت دېگۈچە مومىنىڭ ئۇچىغا يەنە چىقىپ بولدى. مۇدىر ۋارقىرىدى:

- يېنىپ چۈش! يېنىپ چۈش! داداڭنى ئېلىپ كەت!

لېكىن بالا مومىدىن چۈشمىدى، ئۇنىڭ پەسكە قاراپ تووۇلىغىنىنى ئاڭلاندى:

- دادا! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول! مەندىن رازى بول!- ئۇ مومىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قۇچاقلاپ، پۇتلىرىنى مومىغا قاتتىق تىرەپ تۇرۇپ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭشىتتىكى، موما ئىرغاڭلاپ تۆۋى تەرىپى غاراسلاپ كەتتى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغانلار ئىچىدە ئاللا-چۇقان كۆتۈرۈلدى. مۇدىر پوكاندەك ئېسىلىپ، غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى چىقاردى-دە، بالىغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. دەل شۇ چاغدا، مۇسا بوۋاي ئۇنىڭغا قاتتىق كاللا قويۇپ، تاپانچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئۇنىڭ بويىنىنى چىشلەپ سىلكىدى. مۇدىر جان ئاچچىقىدا «ۋايجان!» دەپ چوشقىدەك چىقىراپ كەتتى. ياللاقچىلار مۇسانى سىلكىشلەپ، مۇدىرنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ، مۇساغا ئالايماقچى بولۇۋېدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇدىرنىڭ بىر چىشلەم گۆشى يەرگە شالاقىدە چۈشتى. مۇدىرنىڭ ئۈزۈلگەن بويۇن تومۇرلىرىدىن قاپقارا قان جىرغاپ ئېتىۋاتاتتى. ئۇ لىغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەردىكى تاپانچىسىنى ئالدىدە، تۆت ئادەم يەرگە بېسىپ تۇرغان بوۋايغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى دەل شۇ چاغدا، قاراس-قۇرۇس قىلىپ موما سۇندىدە، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ بايراق بىلەن گۈرسۈلدەپ يەرگە چۈشتى. چۈشتى-يۇ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەنە يەرگە قويدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى. بىر-بىرىگە سىغداپ يېقىلغان ئاتا بالىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان ئۆز-ئارا قوشۇلدى. بۇ چاغدا غەربكە پېتىۋاتقان كەچكى قۇياش نۇرى شۇ قاندىن رەڭ ئالغاندەك ئاسماننىڭ غەربى ئېتىكىنى قىزىلللىققا پۈركىگەن ئىدى......

# ياتۇر

### قۇتلۇق ھاجى شەۋقي

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم ، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر ،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر .

خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ ، قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر .

نۇر چېچىپ «قۇتادغۇ بىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.

يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت» ،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبىي ئەھلى شەرەپ - شانلار ياتۇر،

ئەيلىگەن «شەۋقى»نى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.



# مۇقەددەس ۋەزىپە

**ھېكايە**

**ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)**

يامغۇردا يۇيۇلۇپ پارقىراپ كەتكەن قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ تۇرغان بوۋاقتەك كۆرۈندى-دە، ئىلىنىڭ قازانچى مەھەللىسى ئۈستىدە تەبەسسۇم جىلۋىسى بىلەن ئۆز مېھرىنى چاچاتتى. لەگزە بېشىدىكى مىڭلىغان كۆزلەردىن ئېتىلىپ چىققان، سۈپ-سۈزۈك بۇلاقنىڭ كەۋسەر سۇلاردىن ھاسىل بولغان ئىككى چوڭ ئۆستەڭنىڭ بىرى شەھەرنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە قاراپ ئېقىپ، خىتاي بازىرىدىكى چوڭ كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ، خۇيزۇ چوڭ مەسچىتىنىڭ يېنىنى بويلاپ، تېرەك مازار ئارقىلىق، قازانچى مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ، سۇ دەرۋازا ئارقىلىق ئايدىڭ ، ناغىرچى مەھەللىرىگە قاراپ ئېقىپ، شاغبەككە قاراشلىق يەرلەرنى سۇغۇرغانلىقى ئۈچۈن "شاغىلىق ئۆستەڭ" دەپ ئاتالغان ئىدى.

مانا ماشۇ شاغىلىق ئۆستەڭ قازانچى مەھەللىسىدىكى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرغان دەرەخلىك ھويلا سالى "تاقا" بىلەن داۋۇت "چاپان" نىڭ قورۇسىدىن ئۆتەتتى. ساغىلىق ئۆستەڭدىن ئېقىۋاتقان مۇزدەك بۇلاق سۇلىرى ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بىخ چىقارغان قوناق گۈللەرنى، يۇمران چۆپلەرنى، سۇغا ساڭگىلىغان سۆگەتنىڭ ئەۋرىشىم تاللىرىنى شوخلۇق بىلەن سۆيۈپ قاچاتتى. بۇلاق سۈيىنىڭ مۇنداق مەردانە، مەغرۇر، ئويناقشىپ ئېقىشىنىڭ سەۋەبى يا يەر يۈزىدە قۇياش بىلەن دىدارلاشقىنىدىنمۇ، ياكى قاغجىراپ كەتكەن قارا تۇپراقنى كۆكەرتىپ، يېڭى ھاياتلىق بەخش ئېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ، ياكى بولسا ئىككى خوشنا سالى بىلەن داۋۇتنىڭ مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىنمۇ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم ئىدى.

سالى بىلەن داۋۇت قەدىناس خوشنىلاردىن ئىدى. سالى بولسا ئېگىز بويلۇق، كەڭ دولىلىق، قاۋۇل، يول ماڭغاندا ئۆزىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان كىشى بولۇپ، قوللىرى ئۇزۇن، ئالقانلىرى خۇددى بازغان ئۇرۇشقا يارىتىلغاندەكلا يوغان ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆپ-كۆك كۆزلىرى ئۆز نۇرىنى يوقاتمىغان ئىدى. چىرايلىق ياساپ قويۇۋالغان، ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان قويۇق بۇرۇتى ھەرۋاقىت پارقىراپ تۇراتتى. سۈزۈك كەلگەن ئاق يۈزىدە ھەرۋاقىت تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئورۇنسىز گەپ قىلمايتتى، مىجەزى ئېغىر ئىدى. ئۆمرىدە ئاغزىدىن بىرە ئېغىز يامان سۆز چىقمىغان، ۋەدىسىگە ۋاپادار، ئائىلىسىگە مەسئۇلىيەتچان، يېشى 60 تىن ئاشقان، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن تېرەن كىشى ئىدى. مانا مۇشۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي قامىتىنى يوقاتمىغان بۇ قاملاشقان بەدىنى بەلكى ياش چاغلىرىدا نى-نى پەرىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ئىشقى ئوتىنى سالغانلىقى ۋە مەن - مەن دىگەن چوكانلارنىڭ تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا ئۇھ تارتىپ ئۇيان-بۇيانغا

www.uyghurkitap.com

ئۆرۈلۈپ ، ماموۇق ياستۇقلاردا ئۇخلىيالماسلىقىغا سەۋەب بولغان «گۇناھكار» سەۋدا ئۇغرىلاپ يۈرۈيدىغان ۋۇجۇت ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئاشۇ چوقۇپ ئېلىۋالغۇدەك بىر جۈپ دىڭگىزدەك كۆپ ـ كۆك كۆزلەرنىڭ ئىچىگە نى پەرىلەر كۆيۈپ غايىپ بولۇپ كەتكەندۇ ھە! ھەي گۈزەل ياشلىق، ھازىر كۆيۈمچان ئايالى بىلەن ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان ئىدى. چوڭ ئوغلى بىلەن قىزى تۇرمۇشلۇق بولۇپ، ئايرىم ياشايتتى. كىچىك ئوغلى بىلەن تۆمۈرچىلىك قىلىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى. ھال ـ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ تاقىچىلىق مەھەلىسىدە ئۆزىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بار ئىدى. ئەل ئىچىدە لەقەم قويۇشقا ماھىر غۇلجا خەلقى ئۇنى سالى «تاقا» دەپ ئاتىشاتتى.

داۋۇت بولسا ئوتتۇرا بوي، سەل دۈمچەكرەك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، ساقال ـ بۇرۇتلىرى شالاڭ، باشلىرى تاقىر، شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزى پىلدىرلاپلا تۇرىدىغان، ئوروق كىشى ئىدى. ئۇ ھەرۋاقىت ئالدىراشلا يۈرەتتى. دىققىتىنى تازا يىغالمايدىغان، تولا گەپ قىلىدىغان، خوش پىچىم كىشى بولۇپ، ياش جەھەتتە سالى دىمەتلىك ئىدى. ئۇنىڭمۇ تۇرمۇشى ھەرھالدا ياخشى ئىدى. ئىككى ئوغلى توي قىلىپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، كەنجى ئوغلى بىلەن بىلەن ئۆيدە ماشىنىچىلىق قىلىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى يەنى ئېنىقراق ئېيتساق داۋاملىق پاختىلىق چاپانلا تىكىپ ساتاتتى ياكى كەمسىيونلارغا ئۆتكۈزەتتى. بازاردا تولا يۈرگەچكە تونىمايدىغان ئادىمى يوق ئىدى. داۋاملىق دولىسىغا ئۆزى تىككەن ئىككى ـ ئۈچ چاپاننى ئارتىپ يۈرگەشكە كىشىلەر ئۇنى داۋۇت «چاپان» دەپ ئاتىشاتتى.

بۇ ئىككى ئۇدۇل خوشنا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى مۇقەددەس تۇپراق ھەرەمگە بېرىپ دىنىمىزدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان ھەج ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ يۈرۈشكەنىدى. مانا بۈگۈن سەھەردىلا داۋۇت «چاپان» ئىككى چاپاننى دولىسىغا ئارتىپ سالى «تاقا» نىڭ قوراسىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، قورۇدا تاللارنى باراڭغا ئارتىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان سالىغا قاراپ ئالدىراشلا سالام بەرگەندىن كېيىن:" سالى، دېگىنىمىز بويىچە بۇ ھەپتە يولغا چىقىمىز. مەن پۇلنى جايلاپ قويدۇم. يولدا مىنىپ ماڭىدىغان ئاتنىڭ پۇلىنىمۇ جايلىدىم. قورۇدىكى تازا ۋايىغا يېتىپ يوغىنىغان ئون تۇپ دەرەخنى ئەتىلا كېسىپ ساتىمەن، خېرىدارىمۇ تەييار... نەچچە يىلدىن بېرى ھەجكە ئاتاپ يىققان پۇلنى ۋە يېنىمدىكى ئايالىدۇرۋاتقان دەسمىنىڭ ھەممىسىنى جەملىسەم يول راسخۇدى تەييار دېگەن گەپ. ئەگەر سەن ماقۇللا دېسەڭ مەن تەييار» دېدى.

سالى ئالدىرىماي، ئۇزۇنلىقى ئويمۇ ئوخشاش كېسىلگەن كەندىر يىپلىرى بىلەن باراڭغا ئارتىلغان تاللارنى، ئاۋايلاپ باغلىغاچ: «ماڭساققۇ بولاتتى، شۇ ئۆيدىن سەل ئەنسىرەپ قىلىۋاتىمەن، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يېرىم، ئۆيدىن ئايرىلمىغان ئادەمگە بەك تەس بولىدىكەن. ئەڭ مۇھىمى ئۆينىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش...ئالدىراپ يولغا چىقىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولمىسۇن» دېدى..

داۋۇت ئۇنىڭ مۈرىسىنى بېسىپ كەتكەن چاپاننى، چاققانلىق بىلەن سول مۈرىسىگە ئارتتى ـ دە:«پۇشايمانمۇ؟ قىلمايمەن، ھاياتىمدا گۇناھلىرىمدىن باشقا ھېچنەرسەمگە پۇشايمان قىلمايمەن. مېنىڭچە ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىدىن قىممەتلىك بىر نەرسە يوق. مۇشۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنلىۋالساملا ئۆلسەم ئارمانىم يوق» دېدى ـ دە، سەل ھاياجانلىنىپ قالدى.

سالى: «توغرا ئېيتتىڭ، ھال ئەھۋالى يار بەرگەنلەر ئۈچۈن ھەج قىلىش پەرز. بىزنىڭمۇ ھالىمىز يامان ئەمەس، ئەمما بىز ئارقىمىزدا قالغانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن يولغا چىقىشىمىز كېرەك، ئائىلىمىزنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپى بۇزۇلسا بولمايدۇ ـ دە....»

داۋۇتنىڭ ھېچ تاقىتى قالماي: «بەكمۇ ئىنچىكە ئويلاپ كەتمە. نىيەت قىلغاندىكىن دەرھال يولغا چىقايلى. ئائىلىمىزنى خۇداغا تاپشۇردۇق»

سالى: «بوپتۇ، يولغا بۇ يىل چوقۇم چىقايلى، ھېلىمۇ كەينىگە سۈرەۋەردۇق، جان بار يەردە قازا بار دەيدۇ. پۇت ـ قولىمىزنىڭ ماغدۇرىنىڭ بارىدا ماڭساققۇ ياخشى بولاتتى. ئەمما...» دېيىشىگىلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

داۋۇت: «قارا سالى، بۇ ئىشنىڭ ئەمما،

مەماسى يوق. دەرھال يولغا چىقايلى، يەنە ساقلايدىغان ئىشنى قىلمايلى. بۇ دۇنيانىڭ ئىشى پۈتمەيدۇ.» دېدى-دە . دەرۋازا تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «مەن بازارغا كەچ قالدىم. سەن تەييارلىقنى خاتىرجەم قىلىۋەر» دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، نەۋرۇزدىن كېيىن پۈتۈن تەييارلىقلار پۈتۈپ، يول خەتلەرمۇ ھەل بولۇپ سالى بىلەن داۋۇت ئۆيدىكىلىرى ۋە مەھەللىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققان ئىدى. ھەر ئىككىلىسى توق جىگەر رەڭلىك موگغۇل كۈرەنىڭ سەپەرگە چىداملىق ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ئاتلار سىلىق يورغىلايتتى، شۇنداقتىمۇ داۋۇت ئات ئۈستىدە ئىشى پۇشقاندەك قىلىپ بىر دەم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ قويسا، يەنە بىردەم ئىككى پۇتى سىپىلىنغان ئۈزەڭگىنى ئاتنىڭ قورسىقىغا سوقۇپ قوياتتى، ياكى قولىدىكى قىسقا قامچىسى بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ قوياتتى. سالى بولسا سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوشۇق گەپمۇ قىلماي جىم-جىت تىك ئولتۇراتتى. پەقەت ئىچىدە تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. خىيالى ئائىلىسىدە ئىدى. ئۇ :"مەن كەتكەندىن كېيىن قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ يەنە بىرە ئىشلارنى ئوغلۇمغا تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىمەن؟ " دەپ سوئال قوياتتى ئۆزىگە.

ئاتلار شەھەردىن خېلىلا ئۇزاقلاپ كەتكەن ئىدى. ئاتلار بىلەن تەڭ سالى بىلەن داۋۇت باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاقلارغا قارىدى. ئۇلار يىراقلاردىكى كۆركەم تاغلارنى كۆردى. قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ماڭغان ئاتلار ئەتراپتا كىچىككىنە بىر ئاۋاز چىقسا تۇياتتى، ئېرىقلاردىكى سۇلارنىڭ شىرىلداپ ئېقىشلىرىنى، باغلىرىدىكى باشتىن-بويىغا چېچەكلىگەن ئالما كۆچەتلىرى ئارىسىدىن كەلگەن ناخشا ئاۋازىنى، ئۆرۈكلەرنىڭ ئاق چېچىكى بىلەن شاپتۇلارنىڭ ھال بەرگىسىنىڭ چاچقۇنىدىن گۈل كۆينەك كىيگەن باغلاردىكى ئۈنلىغان كاكۇكنىڭ مۇڭلىرىنى، چىمەنزارلىقلاردا قىزىل گۈل ئىشقىدا كۆيگەن بۇلبۇلنىڭ نىداسىنى ، خالتا كوچىدىكى ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىنى ... ئىشقىلىپ ئاۋازلا چىققان ھەر نەرسىنى تۇيۇپ ماڭاتتى. ئاتلارمۇ بەزىدە ئۇلارغا جاۋاپ قايتۇرغاندەك تۇمشۇقىنى يۇقۇرغا قىلىپ كىشنەپ قوياتتى-دە، باشقىدىن شاشلىشىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ يورغىلايتتى . ئەتراپتىكى ئېتىزلىقلار باھار يامغۇرلىرىدا كۆكەرگەن ئىدى.. يان تەرەپتىكى مايسىزارلىق، گۈللۈك مەنزىرە ئادەمگە ئاجايىپ بىر زوق بېرەتتى. دەرەخلەرنىڭ ياپ-يېشىل ياپراقلىرى خۇددۇكچى شامالدا شىلدىرلاپ، ئۇلارنى مۇبارەك سەپەرگە ئۇزۇتاتتى. پاكار تاملار بىلەن قورشالغان باغلاردىكى ئالما چېچەكلىرى، قورۇلاردىكى تەرسا شامالدا تۆكۈلمەيدىغان ئەتتىر گۈلنىڭ پۇراقلىرى خۇددى خوتەن ئېپارىدەك ئۆزىنىڭ پۇراقلىرىنى پۈتۈن جاھانغا يانغان ئىدى. بۈنۈگۈن يەردە باھار كۈلىۋاتاتتى...

سالى بىلەن داۋۇت ئاردا بىر ئاز دەم ئېلىپ، توختىماي يول يۈرۈپ چېگرىغا كەلگەن ئىدى . كۈنمۇ غىلاپقا كىرىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. كۈننىڭ بەدەشخان ياقۇتىدەك قىزىرىپ تولغان يۈزىدىن چىچىلغان نۇر چەشمىلىرى تاغ تېزما چوققىلىرىغا يېيىلىپ، ئاجايىپ دىلرابا جىلۋىنىپ تۇراتتى. مانا كۈن ئولتۇرغانسېرى چوغدەك تاۋلىنىپ خۇددى ئۇپۇققا ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، ئۇپۇقنىڭ يىراق چەتلىرىنى قىزارتىۋەتكەن ئىدى.

سالى بىلەن داۋۇت بۇ كېچە ئۆتەڭدە تۈنەپ، ئەرتىسى باشقا يولۇچىلار بىلەن بىرگە چېگرىدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ، ئالماتاغا قاراپ يول ئالغان ئىدى. ئۇلار توپىلىق يول بىلەن توختىماي ماڭدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول، تاقىر ئېتىزلىقلار، تاشلىق سايلار، كەڭ كەتكەن داللاردىن ئۆتەتتى. شوخ شامال پاكار، شالاڭ ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنىڭ ياپراقلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. قۇياش تەپتىدە قىزىغان تاشلارنىڭ ئۈستىدە كەسلەنچۈكلەر غىل-پال كۆزگە چېلىقاتتى-دە، يەنە نەلەرگىدۇر غايىپ بولاتتى. بەزىدە يول ئېگىز-پەس دۆڭلۈكلەر ئۈستىگە كۆتۈرلۈپ، يەنە قانداقتۇر بىر ئويمانلىقلارغا قاراپ ئۇچ تارتىپ كېتەتتى؛ بەزىدە يولنىڭ ئاستىدا قايسى بىر مەھەللىلەرنىڭ دەرەخلىرى، قاغجىراپ كەتكەن ئۈنۈمسىز ئېتىزلار، ئولتۇرۇشۇپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان توپا تاملار ۋە شۇنىڭدەك بەزىدە يەنە يېڭى بەرپا قىلىنغان رەتلىك مەھەللىلەرمۇ پەيدا بولاتتى-دە، يەنە بارغانسىرى ئارقىدا قېلىپ كۆزدىن غايىپ بولاتتى.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن زېمىن ئەسلىدە ئىلىغا قاراشلىق زېمىنلار ئىدى. 1881-يىلى پېتروگراتتا ئىمزالانغان تەڭ ھوقۇقسىز «ئىلى شەرتنامىسى» غا بىنائەن بۇ يەرلەر روسىيىگە بۆلۈپ بېرىلگەنىدى ۋە شۇ

شەرتنامىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىغا ئاساسەن شۇ يىلدىن باشلاپ 1883 ـ يىللىرىغىچە ئىلىدىن بۇ بوز يەرلەرگە ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ، ئاشۇ رەتلىك مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان ئىدى.

ئاق خان بىلەن قاراخان
ئىنتىماق ئىكەن باشتا
كەتمەككە بايان ئەيلەپ
كىمە ياسىدۇق قاشتا
ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ
بارار يېرىمىز قۇملۇق
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ
كۆزى كۆك، بېشى يوغلۇق
توققۇز تارادىن ئۆتكەندە
يامانتۇنىڭ تاشلىرى
كۆچۈپ بارغان خەقلەرنىڭ
قۇرۇمايدۇ ياشلىرى

بۇ قوشاقلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىختىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولغان ئەنە شۇ كۆچ ـ كۆچ يىللىرىدا ئېيتىلغان ئىدى.

2

سالى بىلەن داۋۇت ئىككى كۈن يول يۈرۈپ بىر نامرات ۋە پىنھان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن يېزىغا كېلىپ قالغانىدى. سالى بولسا يېزا كوچىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۈنسىز كېتىۋاتقان ئادەملەرنى بىربىرلەپ كۈزەتتى. ياماق دومبىلەر، يىرتىق گەدەنلەر، مايلاشقان مالخايلار، يەكپاي كالاچلار، قاپقارا يالاڭ ئاياغلار، ئۇستىخانلىرى تېرىسىگە چاپلاشقان باللار، چوڭقۇر تورلاشقان ھارغىن پىشانىلار، سارغايغان چىشلار، ھۇنسىز كۆزلەر، قىسىلغان بويۇنلار، مۈكچەيگەن گەۋدىلەر، سېرىق گەز باسقان ساقاللار، تىترەپ تۇرغان ئالقانلار، تاقالقان رەستىلەر، ئۆرۈلگەن تامالار... بۇ يەردە جانلىقلار غەمكىن، كۆكۈللەر غەمكىن، ئىشقىلىپ بۇ يەردە دۇنيا غەمكىن ئىدى. ئۇلار مەھەللىنىڭ سىرتىغراق چىقتى ـ دە، يول ياقىسىدىكى بىرنەچچە تۈپ قارىياغاچ كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان يەرگە كېلىپ، قورساقلىرىنى ئازراق ئەستەrلىمەكچى بولۇپ، ئاتلىرىنى قارىياغاچنىڭ ئەگرى تاللىرىغا باغلىدى. قارىياغاچنىڭ ئۇششاق يوپۇرماقلىرى ئىسسىق شامالدا چvشنىكسىز بىر

نىملەرنى دەپ پىچىرلايتى. ئىسسىقتىن قىچىپ قارىياغاچ شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنگەن قۇشقاچلار ۋىچىرلىشاتتى. داۋۇت خورجۇندىن سەپەرگە تەييارلاپ يېقىلغان مايلىق توقاچ بىلەن سوقۇم قىلغان گۆشتىن ئازراق ئېلىپ، سالىنىڭ كۆڭۈلسىز راسلىغان كىچىك سۇپرىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇلار ئازراق غىزالانغاندىن كېيىن سۇدانىدا سۇنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بايقاشتى. سالى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا بىر كۆز ئاتتى ـ دە، يىراقتا بىر ئەسكى تاملىقنى كۆردى ـ ۋە:

ـ «داۋۇت سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن ئاياققا بىرىپ، سۇ ئەكىلەي» دەپ ئەسكى تاملىققا قاراپ ماڭدى. پاكار، ئەسكى تاملار بىلەن ئورالغان بىر ھويلىنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئىشىكنى قېقىپ: «ئادەم بارمۇ، ئادەم بارمۇ؟»، دەپ ۋارقىردى. ئەمما قورۇ ئىچىدىن سادا چىقمىدى. شۇ ئارلىقتا سالىنىڭ يوغان ئالقانلىرى تەككەن ئۆلەمەن دەرۋازىنىڭ قانتى غىچىرلاپ قىيا ئېچىلىپ بولغان ئىدى. سالى قورۇغا كىردى. قورۇدا گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. ئالدىدا سۇۋاقلىرى تۆكۈلگەن، ئۇزۇندىن بىرى ئاقارتىلمىغان ئىككى ئېغىز ئۆي تۇراتتى. سالى ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى ۋە ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك قىيا ئېچىقلىق تۇراتتى. سالى گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئۈنلۈك ھالدا: «ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟!»،. دېدى. ئەمما، ئۆيدىن يەنىلا سادا يوق ئىدى.

سالى: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپلا ئۆي ئىچىگە قەدەم باستى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھاۋا ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى. سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئاغرىق بىر ئايال ھالسىز ياتاتتى. سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە بەش ياشلاردىكى بىر قىز تولا يىغلاپ قىزارغان نۇرسىز كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئايال قۇرىغان لەۋلىرىنى ئاستا مىدىرلىتىپ: «نېمە ئىشىڭىز بار ؟» دېدى. سالى ئۆزىنىڭ يولۇچى ئىكەنلىكىنى، سۇ ئىلىش ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ ئارلىقتا قىز تۇيۇقسىزلا "نان" دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. سالى قىزنى تەبەسسۇم بىلەن پەپىلىدى، ئەمما ئۇنىڭ تەبەسسۇمى قىزنىڭ كۆز ياشلىرى ئىچىدە غەرق بولدى ۋە بۇ ئىككى ئاجىزنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، ھازىرلا

نان ئەكىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يايدىن چىققان ئوقتەك داۋۇتنىڭ يېنىغا بىردەمدىلا كەلدى ۋە ئەھۋالنى داۋۇتقا قىسقىچىلا سۆزلەپ نان سېلىنغان خورجۇننى ئېلىپ ئۆي تەرەپكە يۈگرەپ كەتتى. سالى ئۆيگە كىردى-دە، خالدىن ناندىن بىرنى ئېلىپ ئۇشتۇپ، بىر پارچىسىنى قىزغا تۇتقۇزۇپ، يەنە بىر پارچىنى ئايالغا ئۇزاتتى. ئايال ئالمىدى، قىزغا بەر دېگەندەك قىلىپ، قىزنى ئىشارەتلىدى. قىز ناننى شۇنداق ئىشتەي بىلەن چاينىماي يۇتۇۋاتاتتى. سالى دەرھال خالدىكى ناندىن بىرنى ئېلىپ قىزغا تۇتقۇزۇپ، ئايالغا قولىدىكى نان پارچىسىنى ئۇزۇتۇپ: "ئېلىڭ قىزىم، مەن سىلەرنى بۇ ئاچلىقتىن قۇتقۇزىمەن، ئىككىڭلارغا تويۇپ ئاشقىچە يېتەرلىك نان بار " دىدى. ئايال جانسىز، گۆشسىز قوللىرى بىلەن ناننى ئېلىپ، قىينىلىپ چايناپ يېيىشكە باشلىدى. سالى شۇ ئارلىقتا سۇ كۈپىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئايال يېرىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، سالى بىر ھېجىر چىنىگە سۇ ئەكىلىپ قىزغا سۇندى، قىز سۇنى قانغىچە ئىچكەندىن كېيىن، ئانىسىغا بەردى. سالى يەنە تالادىكى ئوچاقتا ئوت ياقتى ۋە كۈپنىڭ ئاستىدا قالغان ئەڭ ئاخىرقى سۇنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا يولغا ئېلىۋالغان خورجۇندىكى قورۇلغان گۆشتىن ئازراق سېلىپ، شورپا قىلىپ ئانا-بالىغا ئىچكۈزدى. ئەمدى ئۇلارغا خېلىلا جان كىرىپ قالغان ئىدى. ئايال بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاستا ھېكايە قىلدى.

-«بىز بۇرۇندىنلا نامرات دېھقانلاردىن ئىدۇق. بۇلتۇردىن بېرى بۇ يەرلەردە قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، پۈتۈن يەرنى قەھەتچىلىك قاپلاپ كەتتى. ئالغان ئازغىنا ھوسۇلنى بىردەم ئاقلارنىڭ روس ئەسكەرلىرى كېلىپ ئالسا بىردەم قىزىللار كېلىپ ئېلىپ، قولىمىزدا يېگىدەك ھېچنىمە قالمىدى. قىش كېلىشى بىلەن بۇ يەردە ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاچلىق ھەر بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ دۈۋىلەپ تۇرغان ئىدى. نۇرغۇن كىشى تەرەپ-تەرەپلەرگە ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كەتتى. قالغانلار بولسا قولىدا پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا سېتىپ، يېگىدەك نەرسە تاپسىلا ئېلىپ يەپ جېنىنى ساقلاشقا ئۇرۇندى. ئەمما بازاردا سېتىپ ئېلىپ يېگۈدەك نەرسىمۇ قالمىدى. ئەگەر بار بولسا ئالغۇدەك پۇلىمىزمۇ قالمىغان ئىدى. باھار كېلىشى بىلەن ئامالسىزلىقتىن نۇرغۇن كىشى ئۆسكەن گىياھلارنى يېيىشكە باشلىدى ۋە نۇرغۇن كىشى ئوتتىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. يولدۇشۇممۇ ئوتتىن زەھەرلىنىپ ئۇ ئالەمگە ئۈن-تۈنسىز كەتتى. مەن قىزىم بىلەن خوشنىلاردىن ئازراق نان سوراپ جېنىمىزنى ساقلاپ كەلدۇق. ئەمما لېكىن داۋاملىق سوراشقا نومۇس قىلدىم، ھەم ئۇلارنىڭ ھالىمۇ بىزنىڭكىدىن قىلىشمايتتى. يېقىندىن بېرى ئازراق بار نەرسىلەرنى قىزىمغا يېگۈزۈپ، ئۆزۈم ئاچلىقتىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. قىزىمنى ئەتراپتىكى خوشنىلارنىڭكىگە كېتىشكە بۇيرۇغان بولسامۇ، ئەمما بىشىمدىن ھېچ ئايرىلمىدى. ئامالسىزلىقتىن ھەر ئىككىلىمىز ئۆيدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق " دەپ ئىچىنى تۆكتى. دەل شۇچاغدا ئايالنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزىدىن ئاققان ياش تاتارغان، گۆشسىز يۈزىدە تىترەپ كەتتى.

سالى ئايالنىڭ ھېكايىسىدىن ئەتراپتىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەينەن بىلدى ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئەلۋەتتە سالىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان تىرىك ئىنسانلارنىڭ رېئال ھاياتى ئىدى. ئۇنى مېھرى-مۇھەببەتنىڭ مەھلىيا كۈچى سېھىرلىگەن ئىدى. ئەسلىدىلا سالى ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدىن پۈتۈن ئالەمگە ئۆز مېھرىنى، ئۆز ياخشىلىقىنى چېچىشقا ھازىر بىر روھقا ئىگە كىشى ئىدى. سالى ئۆيدىن چىقىپ، داۋۇتنىڭ قېشىغا كەلدى. داۋۇت ساقلاۋېرىپ تاقىتى ھېچ قالمىغان ئىدى. ئۇ سالىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ: «نەدە قالدىڭ ھەي ئاداش، سۇ ئىزدەپ كېتىپ، تاقاڭنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ماڭالماي قالدىڭمۇ يا ؟» دەپ چاقچاق ئارىلاش تەنە قىلدى.

سالى كۆرگەن بىلگەنلىرىنى بىربىرلەپ داۋۇتقا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنىڭ ئاستا مىڭىپ تۇرۇشىنى، ئايال بىلەن قىزغا ئازراق ياردەم قىلىپ، ئۇلار سەل ياخشى بولغاندا ئارقىسىدىن يېتىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان داۋۇت بىر ئاز ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە چۆمدى، تېڭىرقاپ - تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى مېھرى شەپقەتتىن ئايرىلغانلىقىدا ئىدى. داۋۇت ئاخىرى سالىغا :"بىزنىڭ نىشانىمىز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاپ تور بېكىتى

مۇقەددەس تۇپراق مەككىگە بالدۇرراق يېتىپ بېرىش. يول-يولدا سەدىقە تارقىتىپ مېڭىش ئەمەس. ئەمما بۇمۇ سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭ. مەن ئاستا ماڭغاچ تۇراي، ماشۇنداق قىلسام سەن ئىشلىرىڭنى ئىتتىكرەك تۈگىتىپ ئارقامدىن كېلىشكە تىرىشارسەن" دەپ، يولنى داۋام قىلدى.

3

ھاياتنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىدە، ھەر بىر مەنپەئەتدارلىق بوسۇغىسىدا، ھەر بىر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە ئىنسانىنىڭ ئەخلاقى ۋە پەزىلىتى ھامان غالىب كېلىدۇ. سالى ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقان پېتى ئارقىغا يېنىپ، بېسىپ ئۆتكەن ھىلقى جۇدۇنلۇق ئىچىدە قالغان، مۇھتاجلىق ھەسرەتلىرى چىرمىغان ئادەملەرنىڭ مېڭىشلىرى بىلەن خۇنۇكلەشكەن كوچىلارنى بېسىپ، يېزا بازىرىغا كەلدى ۋە مىڭ تەسلىكتە دۇكان-دۇكانلارنى ئارىلاپ رەۋەندىچىدىن ئۇن، ماي، تۇز، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. ئاندىن نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان ئۆيگە قايتىپ كەلدى. سالى سۇ ئېلىش ئۈچۈن كىچىك قىز بىلەن قۇدۇق تەرەپكە يول ئالدى. قۇدۇق مەھەللىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا ئىدى. قۇدۇقنىڭ ئاغزىمۇ خۇددى بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىدەك ۋەيرانە ئىدى. ئەتراپىدىكى قوپۇرۇلغان تاشلار تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى، چىغرىقمۇ كونىراپ غىچىلداپلا قالغانىدى، ئارقانلىرى چۇۋۇلغانىدى. سالى قۇدۇق بېشىدا بىر مەھەل ئويغا پاتتى ۋە قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ كۈپكە تولدۇرۇپ ئۆيىنىڭ يولىنى ئالدى. قىز سالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. قىزنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىدنىڭ شولىسى پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ تاتلىق گەپلىرى، نازۇك چىرايلىق ھەركەتلىرى بوۋايغا خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى.

سالى بىر قونۇپ سەھەردە يولغا چىقىشنى پىلانلىغانىدى. ئەمما سالىنىڭ خىيالى بۇ ئىككى ئاجىزدا ئىدى. ئۇ: " مەن كەتكەندىن كېيىن، يەيدىغانلىرى تۈگىسە نېمە يەپ، نېمە ئىچەر؟ يەرلىرىگە تېرىقچىلىق قىلاي دىسە يا تېرىيدىغان ئۇرۇقى، يا دېھقانچىلىق قورالى يوق، ھەتتا ئىشلىتىلگۈدەك ماغدۇرىمۇ يوق. ئېتىزلار قاغجىراپ، ئېرىقلار تىنىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى مۇنداقلا قويۇپ كېتىپ قالسام بەك ئۇۋال بولىدۇ" دەپ ئويلاپ كېچىدە ھېچ ئۇيقا تۇتمىدى.

بۇنىڭغا تولۇن ئاي گۇۋاھ ئىدى. ئەرتىسى يولغا چىقىشتىن ۋاز كەچتى ۋە بازارغا بېرىپ دېھقانچىلىققا كېرەكلىك نېمە بولسا شۇنى ئالدى ۋە بىر ئىككى خالتا قوناق، بىر خالتا بۇغداينى ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن سېتىۋالدى. ئەمما ، بۇلارنى كىم تېرىيدۇ؟ دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە ئېتىزلىققا قاراپ يول ئالدى. قاغجىرىغان يەرنى ئاغدۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا ساپان لازىم ئىدى. ئەمما ساپان يوقتى، ئۇنى مەھەللىدىكى ھاللىق بىرسىدىن كىرالىدى ۋە يەرنى ئاغدۇردى. ئېرىقلارنى چېپىپ، سۇ باشلاپ، يەرلەرنى ئوسا قىلدى. ئۇرۇقلارمۇ چېچىلىپ بولغانىدى. ھەتتا، قۇدۇقنىڭ بۇزۇلغان ئاغزىنى ۋە چىغرىقنى ئۆزىنىڭ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، شۇنداق چىرايلىق ياساپ قويغان ئىدى. چىغرىقنىڭ ئارقىنىنىمۇ يېڭىلاپ، ھەر يەرنى يېڭىدىن ياسىۋەتكەن ئىدى. يەنە تېخى ئايال بىلەن قىزنىڭ سىغىپ ئىچىشى ئۈچۈن بىر قوزىلىق قويمۇ ئالغانىدى. سالىنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرى پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. ھەر كىشى ئۇنى ماختايتتى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. كىچىك قىز يېنىدىن ھېچ ئايرىلمايتتى. تاڭنىڭ شوخ شاملى بىلەن ئوينىشىپ ئېچىلغان قىزىل غۇنچىدەك ئەركىلەپ كېلىپ، سالىنىڭ بوينىغا "بوۋا" دەپ ئېسىلاتتى. سالى ھويلىنىمۇ ئوبدانلا رەتلەپ، قوراغا تال كۆچىتى، ئالما ۋە تاش ئالما كۆچەتلىرىنى كۆچۈرۈپ دەرۋازىلارنى ئوڭشىدى. ئاندىن ئىشىك ۋە ئۆينىڭ رام-كىشەكلىرىدىن تارتىپ كۆك سىردا سىرلىدى. سالى بۇ ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا ھېچ ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنىڭغا سۆيگۈ بىلەن تەڭ يەنە شۇنداق بىر كۈچ-قۇۋۋەتمۇ ئاتا قىلغان ئىدى. ياش ئايالمۇ ئۆيلەرنىڭ كىگىزلىرىنى قېقىپ، ئاقارتىپ، سالى بوۋايغا ياردەملەشكەنىدى. ئەسلىدىكى ۋەيرانە ھويلا، ئەمدى بەئەينى كۆپ-كۆك ئاسماننىڭ يەر يۈزىدىكى شولىسىدەك، ئارامگاھ جەننەت ماكانغا ئايلانغانىدى. دېمەك ئۆزارا ياردەملىشىش ئادەملەرنىڭ ئېسىل پەزىلىتى، ئىززىتى ئىدى. باراۋەرلىك بولسا ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارى ۋە ئىپتىخارىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ياخشىلىق تۇيغۇسى بولسا ئادەملەرنىڭ يۈكسىلىشىنىڭ مەشئىلى ئىدى.



# تۇزىماس چېچەكلەر*

## ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

هاجى ئەخمەت

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە تەۋپىق قاتارلىق جەڭگىۋار ئىنقىلابچى شائىرلىرىمىز باشلاپ بەرگەن يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يېڭىچە گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر يازغۇچى ـ شائىرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. پېشقەدەم شائىر، يازغۇچى، دراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ھەم مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان «تۇزىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنى، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنى؛ «قارا كۆڭلەر، نۇرلۇق ھايات»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق درامىلارنى؛ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققىي يۈرەك ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا مەڭگۈ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان، دەۋرىنىڭ جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرى سولدۇرالمايدىغان، رەڭگا ـ رەڭ تۇزىماس چېچەكلەرنى ئېچىلدۇردى. مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى پارلاق نامايەندە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

1

ئەھمەد زىيائى 1913 ـ يىلى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانئېرىق يېزىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى موللاخۇن ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇدەررىسى، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا مەككە ۋە مەدىنىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇ زامان ئىلىمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشكەن، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز خىراجىتى بىلەن 40 ھوجرىلىق بىر كاتتا مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، مىڭلىغان تالىپلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ شەخسى كۈتۈپخانىسىدا دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ،

---

* «قەشقەر ئەدەبىياتى» ـ 1985 يىللىق ـ 1 ساندىن ئېلىندى.

جۇغراپىيە، تىبابەت، ئاستىرونومىيە ئىلمىغا دائىر 10 مىڭ جىلددىن ئارتۇق كىتاب قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا تۈركىيە، مىسىر، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە نەشىر قىلىنىدىغان گېزىت ـ ژورناللارمۇ ئۇزۇلمەستىن كېلىپ تۇراتتى. ئەھمەد زىيائى ئەنە شۇ كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىم ـ پەنگە ئىشتىياق باغلاپ، ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇشقا باشلىدى. موللاخۇن ھاجىم ئۆزى «خۇمۇلى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىپ تۇرغاندىن باشقا، ئۆز تالىپلىرى ئارىسىدىمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ئەدەبىيات مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى شېئىر يېزىشقا سالاتتى. بۇ ھال ئەھمەد زىيائىنىڭ كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشىنى ئويغىتىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ شائىرلىق يولىنى تاللىۋېلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ناۋايى، فۇزۇلى، خوجا ھاپىز شىرازى، ھۆۋەيدا قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، شۇ قاتاردا ئاتىسىنىڭ:

ھەر سەھەر بولغاچ كۆڭۈلگە خۇش كېلۇر دىدارى گۈل،
لېكىن ئاشىق كۆڭلىن ئۆرتەر ھەر سەھەر گۈلنارى گۈل.

ھەر نېچۈك گۈل ۋەسفىنى قىلماقتا رەيىم يوق مېنىڭ،
بىر گۈلى ۋەسفىن قىلايكىم ھەممىگە سەردارى گۈل.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان «گۈل ۋەسفىدە» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرۈپ،ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى.

1930 ـ يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ موللاخۇن ھاجىم يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىنى يارىتىش يولىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭىلىق تەرەپدارلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىدا بىر قاتار ئىلغار ئىسلاھاتچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۈچ مىڭ سۆزلۈك «ئەرەپچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» تۈزۈپ، ئەرەپ تىلىدىكى «سەرپ ـ نەھۋە» كىتابىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، دەرسلىكلەرنىڭ يېڭىچە پەننى سالمىقىنى ئاشۇردى. ئەھمەد زىيائى ئۆتكۈر زېھنى ۋە تىرىشچانلىق شىجائىتى بىلەن ئانا تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى، شۇنداقلا ئەرەپ، فارس تىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، بۇ تىللاردىكى دىنىي ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى مۇتالىئە قىلىپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا تونۇلدى.

1935 ـ يىلى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋى بىلەن موللاخۇن ھاجىمنىڭ دەرسى تاقىلىپ، ئوقۇش توختىدى. ئەھمەت زىيائى شۇ يىلى 11 ـ ئايدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى«يېڭى ھايات گېزىتى» گە ئورۇنلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيىتىگە قەدەم قويىدى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 1937 ـ يىلى «يېڭى ھايات گېزىتى» نى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، نامىنى «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتتى. بۇ گېزىتنىڭ تىراژى ئەينى يىللاردا ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەھىپىلىرى رەڭدار، مەزمۇنى مول ۋە يېڭى ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، سىياسىي ۋە ئىلمىي مۇلاھىزىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش، نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

گېزىتتە تەشۋىق قىلىنغان ئىلغار پىكىرلەر ۋە دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك سادالىرى ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا گېزىت بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تۈرمىگە تاشلاندى. ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا، گېزىتنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتى ئەھمەت زىيائىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ، 1943 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى بېجىردى. شۇ يىلىنىڭ 4 ـ ئېيىدا ئەھمەد زىيائى شېڭ شىسەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنىپ، كۆزگە يېقىنراق تۇتۇش ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايغا قەدەر مەزكۇر گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىدى. تولۇق بىر يىلغىمۇ توشمايدىغان ئەنە شۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇ «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى، «مۇھەببەت ۋە ھايات» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى. لېكىن، شائىرنىڭ ئەركىن پىكىرلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەلقنى قۇللۇقتا تۇتۇش، زىخ ئاستىدا تۇتۇش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياستىگە مۇخالىپ كەلگەنلىكىدىن، ئۇ 1944 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قولغا ئېلىنىپ، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە تۈرمە ھاياتىنى

باشتىن كەچۈردى. ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ، قەشقەرگە قايتىپ، سودا كارۋانلىرى بىلەن بىرگە لاداخقا چىقىپ كەتتى. 1947 ـ يىلى ئەتىيازدا قايتىپ كېلىپ، بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇللۇقىغا بېكىتىلدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي تىنجىتىش نەتىجىسىدە، گېزىت نەشىردىن توختىدى. قەشقەر ۋالىيسى ئابدىكېرىم خان مەخسۇمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «ئاڭ گېزىتى» نەشىر قىلىنىپ ئەھمەت زىيائىي گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىلار، جۈملىدىن تۇرغۇن ئالماس باشلىق شائىرلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن بىر مەزگىل «ئاڭ گېزىتى» نەشىردىن توختاپ، كېيىنچە يەنە «قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەھمەت زىيائىي 1952 ـ يىلىغا قەدەر يەنىلا شۇ گېزىتنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆتىدى. بىر مەزگىل خىزمەتتىن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ 1957 ـ يىلى5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، 1960 ـ يىلىغا قەدەر مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۆلۈمىدە ئىشلىدى. شائىرنىڭ شۇندىن كېيىنكى 20 يىللىق ھاياتى ئىنتايىن ئەگرى ـ توقاي ۋە ئېغىر شارائىت ئىچىدە ئۆتتى. 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن باشلاپ، ھازىرغا قەدەر شۇ ئورۇندا ئەدەبىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

2

ئەھمەد زىيائىي 1923 ـ يىلى 10 ياش ۋاختىدىن تارتىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، 13 يېشىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى پارس تىلىدا يېزىپ، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. لېكىن، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئىشلەشكە باشلىغان 1953 ـ يىللىرىدىن باشلاپ مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنىشى بىلەن، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ سانايى نەفسەنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، 1938 ـ يىلى خەلق ئاممىسىنىڭ باشتىن كۆچۈرگەن جاپا ـ مۇشاقەتلىرى ۋە «ئالتە بۇيۇك سىياسەت» نىڭ غەلبىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «قارا كۆڭلەر، نۇرلۇق ھايات» ناملىق درامىمنى يازدى، ئارقىدىنلا خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەدھىيىلىنىپ، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى پاش قىلىنغان قويۇق ھەجىۋى پۇراقتا ئىگە پيېسسىيە «ۋاڭ جىڭۋېي» نى يېزىپ چىقتى. بۇ درامماتىك ئەسەرلەر قەشقەر سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينىلىشى بىلەن، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1939 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ پروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، يازغۇچى ئۇز ئەسىرىنى ئەمدىلا يېزىپ تاماملاشتۇرغاندا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمە دائىرلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىۋېلىندى.

1943 ـ 1944 ـ يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن مەزگىلدە شائىر ئىجادى غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى (1943)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى، «تاڭ (فەن) پاجىئەسى» ناملىق ھېكايە ھەم «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستونىدا كۆپلەپ مۇھاكىمە ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى قابىلىيەتلىك شائىر، دراماتۇرگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە تونۇلدى. «رابىيە ـ سەئىدى» ئوپېراسى شۇ چاغدىكى ئەڭ مۇناۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرى قاتارىدا ئورۇمچى ۋە قەشقەر سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينىلىش بىلەن، تاماشىبىنلارغا بەدىئىي زوق ۋە ئىلھام بېغىشلىدى.

1947 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە ئەھمەد زىيائىنىڭ «توزماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق ئۈچ پارچە كىتابىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىلىپ چىقىشى ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن چوڭ ھادىسە بولدى.

«لاداخ يولىدا كارۋان» ـ ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كۆچۈرۈلگەن كەچۈرمىشلىرى، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوبرازلىق تىل بىلەن چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات خۇددى نار تۆگىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان كۆلدۈرمىنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان بىقەملىق ئاۋازىدەك، ئەسەرگە مۇڭلۇق تۈس بېرىپ، بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغان، شۇڭا، بۇ ئەسەر 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ـ سىياسىي پوبلىستىكا خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەقىقىي دېموكراتىك ۋە ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پىكىر ۋە مۇھاكىمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«تىزىماس چېچەكلەر» ـ شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئاخىرىغا «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسىرنىڭ قىممىتىنى بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زۇلمەتلىك دەۋردە يېزىلىپ، جەمئىيەتكە تارقىلىش بىلەن خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. «تىزىماس چېچەكلەر» گە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ ئىپادە دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى رەڭمۇ ـ رەڭدۇر. ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى روشەن ئىپادىسىنى تاپقان:

بەخت ساماسىنىڭ قۇياشى، يۇلتۇزدۇر مەرىپەت،
قاپقارا تۇرمۇش تۈنىنىڭ كۈندۈزىدۇر مەرىپەت.
...
خارۇزار قىلغان ئېلىڭنى ئەي زىيائى، ياخشى بىل
مۆتىبەر بىر ئەل قىلىپ ياشناتقۇسىدۇر تەربىيەت.
«تەربىيەت»

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، ھەق ـ ئادالەتنى ئۇلۇغلايدىغان، خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسى بىلەن جۇشقۇن يۈرەك ساداسى جاراڭلايدۇ:

تىلەرمەن ئايرىما دەپ ئەمگىمەدىن ھەر زامان،
نىسىپ بولغاي ياشاش دائىم تېنىمدە باركى جان يارەب.

قانائەت تاغىدىن بۇ ھىممىتىم سۇمرۇغى جاي ئالسۇن،
بەلەن بۇ ھىممىتىم ئالدىدا پەستۇر ئاسمان، يارەب.

تەكەببۇر گەر زالالەتتىن ئىبارەت بولمىسا ئەردى،
بويۇن ئەگمەس ئىدىم ئۇ بولسىمۇ شاھى جاھان، يارەب.

ھەقىقەتنى سۆيگەن باغرىم، سۆكەر ئۇ بىھەقىقەتنى،
ئەگەر ناھەقچى بولغاندا كىرەكمەس بەگ ۋە خان، يارەب.

غېرىپ كۆڭلۈم ھەمىشە دەرتتە مەزلۇم ئاھى ـ زاردىن،
يېتىملار زارىغا يەتمەس كىشىلەردىن يىغان، يارەب.

ئەگەرچە ئىززەتتۇ ـ نەپسىمنى ھەرگىز ئەتمىگەيمەن خار،
يېتىم، ئاجىز، غېرىپلەر يۈت توپاسى ئۇشبۇ جان، يارەب.

زىيائى باغرى دەرت بىلەن ئېزىلگەن تورپە شائىردۇر،
يامانلار قەستىدىن بىچارە بولسىدى ئامان، يارەب.
«غەزەل»

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

يۈرت ـ ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازاپنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۆچۈن يەتكۈلۈك.

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىبا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.
«غەزەل»

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىر تىغ ئۇچىنى ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا بىۋاستە قارىتىپ، ئۇلارنىڭ زالىملىق ۋە قانخورلۇق ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان:

ئىچكىنىڭ زالىم قىزىل مەي، ئويلا كىمنىڭ قانىدۇر؟
يېگىنىڭ قايسى غېرىپ ـ بىچارىنىڭ نانىدۇر.
...
بەزمىگاھ ئىچرە ساز ئاۋازىنى مۇڭلۇق دېمە،
تۇل خوتۇن بىرلە يېتىملار باغرىنىڭ ئەپغانىدۇ.
«غەزەل»

تويلامغا كىرگۈزۈلگەن يەنە بىر قىسىم شېئىرلار مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا پاك مۇھەببەت، سەمىمىلىك، ساداقەت، ۋاپا، ھەم دىيانەتنى ئۇلۇغلايدۇ، يۈرەك ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق، گۈزەل ئوخشىتىش ۋە سۈپەتلەش ۋاستىلىرى بىلەن ئىزھار قىلىدۇ:

يېڭى ئاي نەشئەلى، ئەمما نىگار قاشىگە ئوخشارمۇ؟
چىمەندە يەلپۈنۈپ سۇنبۇل قارا ساچىگە ئوخشارمۇ؟

ئېچىلغان لالەيۇ رەنا قىزىل مەن دەپ بولۇر مەغرۇر؟
نىگارىمنىڭ نەفىس، زىبا سۆزۈك لىۋىگە ئوخشارمۇ؟

نەسىمى سۈبھى دەم گۈل غۇنچىسى قىلمىش تەبەسسۇملار،
لېكىن بۇنداق تەبەسسۇم دىلبىرىم ئاغزىگە ئوخشارمۇ؟

«ئوخشارمۇ»

ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىدىكى ئەنە شۇنداق يۇقۇرى ئەدەبىي ماھارەت كۆپلىگەن شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلار ئەينى يىللاردا زىيائىي غەزەلىگە مۇخەممەس توقۇغان، نۇرمۇھەممەد ئېركى قاتارلىق شائىرلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تەقلىت قىلىپ بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يېزىشقان ئىدى.

«تونۇماس چېچەكلەر» گە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماستىن، خەلق ئاغزىدا ياد ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ كىتاپنىڭ يېقىندا چەتئەللەردە نەشىر قىلىنىشى يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇق ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

داۋامى كېلەركى ساندا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## غۇنچىلار قەلىمىدىن



# شېئىرلار

## ئانا تىلىم*

مارۋايىت مۇخپۇلوۋا
(قازاقىسان قازاقىستان ئا.روزىباقىئەۋ نامىدىكى 153– مەكتەپ گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

بىلىم ئېلىش يولىدا،
كەلدىم ئانا مەكتەپكە.
ئانا تىلنى ئۆگىنىپ،
ئالىم بولۇش مەقسەتتە.

تىلىم باردا مەن بارمەن،
شۇ تىل بىلەن كۆكلەيمەن.
ئۇيغۇر دېگەن نامىمنى،
تونۇتىمەن ھەر ئەلگە.

* «قەشقەر ئەدەبىياتى» ـ 1985 ـ يىللىق ـ 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# ئانا*

دىلبىرىم مۇسائەۋا
(قازاقىسان م.ياقۇپوۋ نامىدىكى 101 ـ مەكتەپ گىمنازىيەنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

قەدىرلەيلى ئانىلارنى،
رەنجىتمەيلى كۆڭلىنى.
ئاق سۈت بەرگەن ئانىنىڭ،
ئۇزاق قىلسۇن ئۆمرىنى.

چۈنكى ئۇلار بىز ئۈچۈن،
تەييار تۇرار ھەممىگە.
بېقىپ بىزنى پەپىلەپ،
ئۆگىتىدۇ ھەممىگە.

# دوختۇر*

مېھرىۋان ئارۇپ
قاراتۇۋرۇك ئۇتتۇرا مەكتىپىنىڭ 7 ـ ب سىنىپ ئوقۇغۇچىسى دوستلۇق يېزىسى
ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسى

ئاق خالاتلىق ئېسىل دوختۇرسىز،
ئاغرىغانغا يۆلەك بولارسىز.
داۋاسىنى ھەرقاچان تېپىپ،
ھاردىم ياكى تالدىم دېمەيسىز.

ئۆز كۆلكىڭىز يارىشار سىزگە،
يۈرىكىڭىز پاك ھەم مېھرىبان.

كۈلۈپ داۋا قىلارسىز بىزگە،
كەسپىڭىزگە سىز بەك ياراشقان.

چېھرىڭىزدىن نۇرلار ياغىدۇ،
يۈزىڭىزدىن ئىللىق تەبەسسۇم.
يۈرەكتىن چىققان ھەر سۆز،
بىمارغا پۈتمەس داۋادۇر.

# ئانا تىلىم*

رۇسلان ھۇسەن
قاراتۇۋرۇك ئۇتتۇرا مەكتىپىنىڭ 5 ـ ب سىنىپ ئوقۇغۇچىسى دوستلۇق يېزىسى
ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسى

ئانا تىلىم ـ دانا تىلىم،
سەندە مېنىڭ بار بايلىقىم.
سېنى تىنماي ئوقۇپ مەن،
چوڭقۇر بىلىم ئالاي مەن.

ئانا تىلىم ئامىتىم،
سەندە مېنىڭ شاتلىقىم

سەن بىلەن تىلىم چىقتى،
سەن بىلەن گۈل ـ ھاياتىم.

ئانا تىلىم ـ دانا تىلىم،
سەن ھەم مېنىڭ بايلىقىم.
ئۇيغۇرۇمنىڭ نامىنى،
مەشئەل قىلسۇن قەلىمىم.

* «غۇنچە» ژۇرنىلى 2016 ـ يىلى 1 ـ سان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# باللار ناخشىسى

**مەمتىلى ئەپەندى**

بىر ـ ئىككى ،ئۈچ...
بىرلىك — ئۇلۇغ كۈچ.
يەنجىپ ئۆتىمىز،
توسقۇن كەلسە دۇچ.

ئۆزىمىز كىچىك،
تىلىمىز چۈچۈك.
دوپپىمىز ئالا،
ئىشىمىز چالا.

ئالىمىز بىلىم،
مەكتەپكە كىرىپ.
ئوتتۇرا يولدا،
قالمايمىز ھېرىپ.

خەلق مېھرىبان،
پىدا ئەزىز جان.
تۇغۇلغان دىيار،
ئەزىز قەدىردان.

كۈندە تۇغۇلۇپ.
ئايدا چوڭ بولۇپ.
يىلتىز يايىمىز،
بىرىمىز ئون بولۇپ.

ئۆگەنسەك بىلىم،
مۈشكۈللەر ئاسان.
بۇغرا ئەۋلادى،
يېڭىلمەس ھامان.

بىر ـ ئىككى ،ئۈچ...
بىرلىك ئۇلۇغ كۈچ.
يەنجىپ ئۆتىمىز،
توسقۇن كەلسە دۇچ.

## ئۆلۈم ئالدىدا

**ئەنۋەر ناسىرى**

*ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،*
*كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان.*
*تىتىلغان تەن، تۈگۈلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،*
*پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان!*

*شائىر بۇ شېئىرنى 1944 ـ يىلى قۇربان بولۇش ئالدىدا يازغان.*

# «شەيتانچاق» تىن ئاۋاز*

تۇرسۇن نىياز (مەسەل)

بىر كۈنى ئەخمەت ھويلىسىغا توختىتىپ قويغان ۋېلسىپىتىنىڭ يېنىدا ئاستا پىچىرلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى.

- ھەي، مۇدۇر-چوقۇر تاش كامىر، سەن نېمانچە جاپاكەش ۋە بىچارە؟ قاچان كۆرسەم يۈز-كۆزلىرىنىڭ لاي ۋە توپ-چاڭ بىلەن بۇلغانغان، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش پاكىزە يۈرسەڭ بولمامدۇ؟

ئەخمەت بىر قاراپلا بۇ ئاۋازنىڭ ئۆز ۋېلسىپىتىنىڭ تاش كامىرىنىڭ يىرتىقىدىن پۇلتىيىپ چىققان، خۇددى قانسىرىتىلىۋاتقان ئۆپكىگە ئوخشاش سۇس-قىزىل قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان ئىچ كامىرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى سەزدى-دە، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئۈن-تىنسىز قۇلاق سالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تاش كامىرنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىچ كامىرغا ئېگىلىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى:

- دوستۇم، مېنى ئالدىراپ مازاق قىلما، ئوبدان بىلىسەنغۇ! مەن ئاشۇ كۆرۈمسىز بەدىنىمنى قالغان قىلىپ، سېنىڭ يۇمران، نازۇك بەدىنىڭگە كىرىپ كېتىدىغان ھەر خىل تىكەنلەرنى توسۇپ قالمىغىنىمدا كۈنىۈڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالار ئىدى.

- ھەي قارا زەڭگى، سەن تېخى مېنىڭ شاپائەتچىم بولۇۋېلىۋاتامسەن؟ — دېدى. ئىچ كامىر تېخىمۇ كۆرەڭلەپ،— بىلىپ قوي، مەن سەنسىزمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمەن.

كاج دوستىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە مۇنچىلا تەمەننا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاش كامىر .ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە: «قېنى كۆرەرمىز» دېگەندەك قىلىپ لەۋلىرىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئەخمەت ۋېلسىپىتىنى مىنىپ مەكتەپكە ماڭدى. كىم بىلسۇن، يېرىم يولغا بارا-بارمايلا ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقا چاقى «دۇق-دۇق» قىلىپ، بىردىنلا ھەرىكەتتىن توختىدى. ئەخمەت دەرھال ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ، چاققا قاراپ ھەيران قالدى، چۈنكى تاش كامىر ئىچ كامىرغا تەنە قىلىپ مۇنداق دەۋاتاتتى:

- سەن ئىلگىرى ئۆز تېنىڭنىڭ ماڭا ئوخشاش سەت ۋە كۆرۈمسىز بىر تاش كامىر تەرىپىدىن قوغدىلىپ تۇرىدىغانلىقىڭنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىدىڭ، مانا بۈگۈن تۈنۈگۈنكى ماختانچاقلىقىڭ ئېسىمگە كېلىپ، ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە تۇرۇپ قاپتىمەن. نەتىجىدە ئوچۇق ئاغزىمدىن نازۇك بەدىنىڭگە ئەرزىمەس بىر تال شوخا كىرىپ يېرىلىپ چىقىپ كەتتى؛ مەنمۇ، سەنمۇ بىر يولى رولىمىزنى يوقاتتۇق، بۇ «كاجنى بازار ئوڭلايدۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولدى، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر!

ئۆز دوستىنىڭ ئىچىنىش ۋە تەنە ئارىلاش سۆزىنى ئاڭلىغان ئىچ كامىر بىر ھازا پۇشۇلداپ تۇرۇپ قالدى-دە، خىجىل بولغان ھالدا نېپىز لېۋىنى تاش كامىرنىڭ لېۋىگە يېقىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

- ئەپۇ قىل دوستۇم، مېنىڭمۇ سەنسىز كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىم بىلىندى، بۇندىن كېيىن بىز بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك بىر-بىرىمىزنى قوغداپ، بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ ئىناق ئۆتەيلى!

---

* «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئامانەت ۋە خىيانەت

ئابدۇلئەھەد ئابدۇللا تىۋىش (تۈركىيە)

بۈگۈن 2017-يىل 21-ھۇد، ھاۋا باشقىچە ئوچۇق ھەم بىر خىل ئىللىق. بۈگۈن نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈنمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بۇ كۈننى بىر يىلنىڭ باشقا 364 كۈنىگە ئوخشاشلا ئالدىراشچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ: بەزىلىرى ئېتىزلىقلىرىدا ئىشلەش بىلەن؛ بەزىلىرى بازارلاردا ئالدىراش؛ بەزىلىرى بولسا بىرەر يىغىن ياكى يىغىلىشلاردا؛ يەنە بەزىلىرى چىراقلىرى بار قاراڭغۇ ئۆيلەرگە بېكىنگەن، ھاياتتىن، خىزمىتىدىن، ھەر نەرسىدىن زېرىككەن؛ يەنە بەزىلىرى بىر بۇردا نانغا، بىر پارچە يېڭى كىيىمگە، ئازراق يورۇقلۇققا ۋە شۇنداقلا بىر تىنىق ساپ ھاۋاغا زار؛ يەنە بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بىر نەرسە يېزىۋاتقان ياكى ئۇيغۇر تىلىنى بۈگۈنكىدەك پەن-تېخنىكىنىڭ قەدىمىگە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كومپيۇتېر ئالدىدا كود يېزىۋاتقان؛ يەنە كىمدۇر بىرلىرى مۇساپىرچىلىقتا ۋەتەن ئىشتىياقى قەلبىنى چىرمىغان، يۇرت سېغىنىشى يۈرەكلىرىنى ئۆرتىگەن ھالدا؛ يەنە كىملەردۇر بىرى غېرىبسىنىپ قالغان مەسچىتلەردە ياكى ئۆيلىرىدە دۇئا قىلىۋاتقان ھالدا... ئەمما ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى، پەزىلىتى بار: ئۇلار ئېتىزلىقلاردا ئۇيغۇرچە ناخشا توۋلايدۇ؛ بازارلاردا ساپ يەرلىك تىلدا باھا تالىشىدۇ، كىملەر بىلەنۇ باھادا كېلىشەلمەي ۋارقىرىشىدۇ، ھەتتا ئۇرۇشۇپمۇ قالىدۇ؛ يىغىنلاردا ياكى يىغىلىشلاردا ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلىشىدۇ، تەنقىد ئاڭلايدۇ، مۇكاپاتلىنىدۇ، كىمدۇر بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىدۇ؛ نىكاھ ئىشىدىكى كېلىشمەسلىك، ئاشىقىدىن ئايرىلىپ قېلىش، پۇت-قوللىرى بوغۇلۇش ۋە ھەرخىل بېسىملار سەۋەبىدىن ئۆزىنى دۇنيادا ئارتۇقچە ھېس قىلىپ قالغان كىشىلەرمۇ پۈتۈن ئۆلۈم خىياللىرىنى ئۇيغۇرچە قىلىدۇ؛ يازغۇچىمۇ كاللىسىدا ئۇيغۇرچە بىر بىرنەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئۇيغۇرچە ھەرپلەر ئارقىلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ۋە تارىخنى خاتىرىلىمەكچى، ھەتتا كەلگۈسىنى قىياس قىلماقچى بولىدۇ؛ كوچىلاردا پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى سېتىۋاتقان ئاشۇ سەبىيلەر، ئوتتۇرا ياش مەزلۇملار، ھەتتا چاچ-ساقىلىغا ئاق كىرگەن بوۋايلارمۇ كىشىلەرگە ئۇيغۇرچە خىتاب قىلىدۇ؛ ياراتقۇچىسىغا ئۇيغۇر تىلىدا دۇئا قىلىپ يېلىنىدۇ... بىرلا ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ خىياللىرىمۇ، سۆزلىرىمۇ، ئىش-ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇيغۇرچە.

يۇقۇردىكى قۇرلارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن بەلكىم بۇ بىر ئالاھىدىلىك ئەمەس بەلكى ئورتاقلىق، ئۇيغۇر بولغاندىكىن ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ-دە، دېيىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە بولغانلىقى ئۈچۈن مەۋجۇداتلىقىمىز ئۇيغۇر تىلى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن، ئۇيغۇر تىلىسىز ئۇيغۇرلۇقنىڭ بىر يەرلىرى كەم، تۈزسىز بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنكىدەك ئارلىقلار قىسقىراۋاتقان، يەرشارىلىشىۋاتقان زامانىۋى جەمئىيەتتە كۆچلۈكلەرنىڭ، كۆپ سانلىقلارنىڭ تىلى قوللانغۇچىلىرى نىسبەتەن ئاز بولغان باشقا تىللارغا يوقۇلۇش كىرىزىسى ئەكىلىۋاتقان بىر كۈندە ئاشۇ يىراق قىرلاردا، يېزىلاردا ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكىلەر، دوست-يېقىنلىرى، ئۇرۇق-تۇققان ۋە بالا-چاقا نەۋرىلىرى بىلەن ھېلىھەم ئانا تىلىدا دەرد ئېيتىشىپ، بىر-بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىرىكچىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلەلىشى بىر قەدەر چوڭ شەھەرلەردە ياكى سىرتلاردا ياشاۋاتقان ياش بىر ئەۋلادلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ پەزىلىتى بولمىسا ئىدى، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرىدەك بوۋىلىرىمىز ئەسەرلىرىنى ساپ خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىپ قالدۇرمىغان بولسا ئىدى، ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى پارىس تىلى بىلەن يازغان بولسا ئىدى... ۋە شۇنداقلا يىراقلاردا دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ياشاۋاتقان، مائارىپ يۈزىمۇ كۆرمىگەن "جاھىل" ئاتا-بوۋىلىرىمىز بولمىسا ئىدى بۇ تىل بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى.

مىنىڭ مەرتىۋە شۈكرىكى، بۇ تىل ماڭا يەتتى، توققۇز يىل ئۇيغۇرچە ئوقۇدۇم. ئالى مەكتەپنى خىتايچە ئوقۇدۇم، خىتاي تىلىدا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەندىم. ئۇنى-بۇنى دەپ مۇشۇ يېشىمغىچە 4-3 خىل تىل ئۆگىنىپ باققان بولدۇم، ئۇيغۇرچە ھېچ قوللانمايدىغان شەھەرلەردە، دۆلەتلەردە ياشاپ باقتىم، باشقا كىشىلەر بىلەن ئۆگەنگەن باشقا بىر تىلدا ئۇچۇر ئالماشتۇردۇم، كۈلۈپ چاقچاقلاشتىم، ھەتتا سوقۇشۇپمۇ باقتىم. ئەمما ھېچ بىرىدە، مەيلى خىتايچە-ئىنگلىزچىدە، مەيلى ئەرەپچە-تۈركچىدە بولسۇن قەلبىمنى، ئىچىمدىكى ئويلارنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىگەندەك راۋان ۋە راھەت

ئىپادىلەشكە قادىر بولالمىدىم ۋە بولالماي كەلدىم. بەلكىم ئاشۇ تىللارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنمەپسەن، دەيدىغانلار چىقىشى مۇمكىن. راست، ھېچقايسىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنەلمىدىم، ھەم ماڭا نىسبەتەن بىر چەتئەل تىلىنى ئاشۇ تىل بىلەن تۇغۇلغان ۋە ئاشۇ تىل مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن كىشىلەردەك ئۆگىنەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. ئەمما شۇ ھەقىقەتكى، مەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۇغۇلدۇم، ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم . دەل مۇشۇ سەۋەپتىن بارلىق خۇشاللىق-قايغۇلىرىمنى، غەزەپ-نەپرەتلىرىمنى، سۆيگۈلىرىمنى، دۇئا-ئىلتىجالىرىمنى پەقەتلا ۋە پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەنلا ئەڭ راۋان، ئەڭ راھەت بىر تۈردە ئىپادىلىيەلىشىم مۇمكىن، باشقا بىر تىلدا ھەرقانچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ كېتەي، قانچىلىك كوتۇلداپ كېتەي گەپلىرىمنىڭ بىر يەرلىرى قاملاشمىغان، بىر يەرلىرىدە كەمتۈكلۈك بارلىقى بار.

بۈگۈن 2017-يىل 21- ھۇد. ھەر يىلى ھۇد ئېيىنىڭ 21- كۈنى خەلقارا ئانا تىل كۈنى (خەلقارا ئانا تىل بايرىمى). مۇشۇ دەملەردە بۇ كۈننى توردا بولسىمۇ خاتىرلەي دەپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، ئۇيغۇر تىلى ئىگىسى ۋە ۋارىسى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ھىسسىياتلىرىمنى، سۆيۈنۈشلىرىمنى ئانا تىلىمدا يېزىپ باقاي دەپ كومپيۇتېرىمغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. ئۆزۈم كىچىككىنە ياتاقتا، ئەمما خىياللىرىم يىراقتىكى كەگرى داللاردا، ئۆيلەردە، ئوماق ئىنى-سىڭىللىرىمدا. ئۆكۈنۈۋاتىمەن: بىر پارچە قىسقا يازمىنى ئانا تىلىمدا قاملاشتۇرۇپ يازالمايۋاتقانلىقىمدىن ئۆكۈنىۋاتىمەن. ئانا تىلىمىزنى ئازراقمۇ مىننەت قىلماي، ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇ تىلنى قوغداۋاتقانلىقىمۇ كاللىسىغا كىرىپ چىقمايدىغان يىراقلاردىكى ئاشۇ «جاھىل» سۆيۈملۈك كىشىلەرگە باھارنىڭ قارلىغاچلىرى، مەيىن شامالىلىرى ئارقىلىق ئوتلۇق سالاملىرىمنى، سېغىنىشلىرىمنى يوللاۋاتىمەن: ھەردائىم ئامان بولۇڭلار، خاتىرجەم بولۇڭلار ئەزىزلىرىم! چۈنكى دەل سىزلەر ئامانەتكە ئۆلسىمۇ خىيانەت قىلمايدىغان بىر ئەۋلاد ياشلارنى يېتىشتۈردىڭلار.

بۇ نەسىر گەرچە بۈنىڭدىن 7-6 يىللار ئىلگىرى يېزىلغان بولسىمۇ قايتا قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇغىنىمدا ئۆزۈمگە شۇنچىلىك يېقىشلىق بىلىندى. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، چۈنكى ئانا تىل مەدھىيلەنگەن تۇرسا. بۈگۈنكى خەلقارالىق ئانا تىل بايرام كۈنىدە ئاددىي تىللار ئەمما چىن سەممىيەت بىلەن يېزىلغان، پىشمىغان نەسىرنى ئەزىز دوستلىرىمغا سۇنغۇم كەلدى. ئانا تىلغا پۇختا، باشقا تىلغا ماھىر كىشىلىرىمىز ئامان بولسۇن. كىچىك سەبىيلىرىمىزگە ئانا تىلنى ئۆگىتىۋاتقان، ئانا تىلدا دەرس ئۆتىۋاتقان بارلىق مۇئەللىم-مۇئەللىمەلەر ئامان بولسۇن. ئانا تىلىم ئامان بولسۇنكى، ئوغۇل-قىزلىرىمغا (ناۋادا شۇ كۈن نېسىپ بولسا) مانا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلى، ئامانىتى ئىدى، ئەجدادلىرىڭنىڭ تىلىدا كۆكلە، ئۆرلە، ئىگىزلەردە پەرۋاز قىل دېيىشكە قادىر بولاي.

بۇ چاغ قۇياش مەنزىلگە قايتىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. كەچكى شەپەق بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى تېخىمۇ ئۆزگىچە بىر تۈسكە كىرگۈزگەن بولۇپ، قارا تۈن پەردىسى ئارقىسىغا ئۆزىنى ئېلىۋاتقان قۇياش نۇرى يوپۇرماقلار ئۈستىدە ئالتۇن رەڭدە جىلۋىلىنەتتى.

ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا....

ئەنە، ئالتۇن نۇر قوينىدىكى غېرىب كەپىدىن يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان دولان مۇقامى ياڭرىماقتا.... شۇنداق مۇڭلۇق، ئاجايىپ نەپىسلىك بىلەن ئورۇنلىنىۋاتقان دولان مۇقامى.. دولان مۇقامىدا ئانا تىلىمنىڭ، ئانامنىڭ تىلىنىڭ، ئاتامنىڭ تىلىنىڭ يۈكسەك پاساھىتى نامايان بولماقتا.

ئەي ئانا تىلىم! ئانامنىڭ تىلى سەن؛ ئاتامنىڭ تىلى سەن؛ بوۋا-مومىلىرىنىڭ تىلى سەن؛! ئەي دولان مۇقامىدا، ئون ئىككى مۇقاملاردا جىلۋىلىنىۋاتقان ئانا تىل! تۇنجى قېتىم تىلىم چىقىپ «ئانا، نان...» دېگىنىمدە مەن سەن ئارقىلىق باللىق قەلبىمنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا سېنى ئانامنى ئەزىزلىگەندەك ئەزىزلەيمەن.

ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلدى. دوقمۇشتىكى ئاددىي ئۆي ئىچىنى تۈگۈلۈكتىن چۈشىۋاتقان ئاي نۇرى غۇۋا يورۇتماقتا. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆي ئىچىدىن بوۋاقنىڭ ئۈزۈك-ئۈزۈك يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنە، ئانا-ئانىمىز ئانا تىلدا ئانىسىغا ئۇيقۇسىزلىقتىن شىكايەت قىلىۋاتقان ئوماق بوۋىقىنى ئاستا پەپىلىمەكتە. بوۋاق توختىماي يىغلىماقتا... ئانا بوۋىقىغا ئېيتتى: «ئوماق قوزام. كۆزۈمنىڭ قارچۇقى ئاپپىقىم قوزام، يىغلىماڭ-ھە. سىزگە ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرەي ھازىر.» ئانا بوۋىقىنى پەپىلىگەچ ئاسماندىكى ئايغا قاراپ ئەللەي ناخشىسىنى باشلىدى:

ئەللەي بالامنى بۆلەيمەن، ئالتۇن تاغقا يۆلەيمەن.

ئەللەي بالام ، ئەللەي، ئەللەي

ئەللەي بالامنىڭ ئەللىسى بار، يۇملاق تاشتەك كاللىسى بار،

ئەللەي بالام، ئەللەي،ئەللەي.

مۇڭ ئېيتىلغان ئەللەي ناخشىسىنىڭ تەسىرىدە بوۋاق يىغىدىن توختىدى. قاپقارا جام كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئانىسىغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ ئاجىز كۈلكىسى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. بوۋاقنىڭ كۈلكىسىدىن، قاپقارا كۆزلىرىدىن، ئوماقىقىنا يىغا

www.uyghurkitap.com

ئاۋازىدىن ئانا تىلىمنىڭ گۈزەللىكى، نەپىسلىكى تۆكۈلۈپلا تۇراتتى.

ئەي ئانامنىڭ، ئانىلىرىمنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىدا جەۋلان بولۇۋاتقان ئانا تىلىم! سەن دۇنيادىكى نۇرغۇن قۇشلار ئارىسىدا توختىماي سايراۋاتقان بىر قۇش. مەن بوۋاقلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا سېنىڭ ئاۋازىڭ ئاستىدا چوڭ بولۇپ كېلىۋاتىمەن. سېنىڭ ئاۋازىڭ مېنىڭ قەلبىمگە مەلھەم. سەنسىز بۇ بىمار قەلبىم مەڭگۈ شىپا تاپمايدۇ.

پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شام ئاستىدا ياشانغان بىر بوۋاي كىتاب كۆرىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ ئالدىدا توم ـ توم كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى: «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللا دىۋانى»... ۋە يەنە باشقا كىتابلار. ئۇ كىتابلارنى ئاستا ۋاراقلىدى ـ دە، ئۆتكەنكى تارىخلار ئارىسىغا كىرىپ قالدى.

ئەنە، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس، دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى بوۋىمىز مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى تۇغۇلغان ماكاندىن ئايرىلىپ، پۈتكۈل تۈرك قەبىلىلىرىنى ئارىلىماقتا...

ئەنە، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز ئۆز خانىسىدا ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولماقتا...

ئەي «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» تەك دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ يورۇق چولپان يۇلتۇزلىرى، سەركىلىرى بولغان ئانا تىلىم! مۇشۇ يېشىمغىچە مەن سەن ئارقىلىق ئاز بولمىغان ئېنىقسىز نەرسىلەرنى بىلدىم. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پارلاق تارىخىنى، ئۇلارنىڭ قەيسەر روھلىرىنى، ئانا ۋەتىنىمنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ساناقسىز مەرد ئەزىمەتلەرنىڭ قېنى بىلەن پۈتۈلگەن تارىخلىرىنى، شۇنداقلا دۇنيا تارىخلىرىنى بىلدىم ۋە چۈشىنىپ كەلدىم.

ئەي ئانامنىڭ تىلى! سەن بۇ قىسقىغىنە ھاياتلىق سەپىرىمدىكى بىردىنبىر ياخشى ھەمراھىم، مېنى يۈكسەك مەنزىللەرگە يەتكۈزگۈچى تۇلپارىمسەن. سېنىڭسىز مەن بىر گاچا ئادەم؛ سېنىڭسىز مەن بىر توكۇر ئادەم؛ سېنىڭسىز مەن بىر زاۋاللىققا يۈزلەنگەن نادان ئادەم.

ئەي مېنىڭ قېرىنداشلىرىمنىڭ تىلى بولمىش ئانا تىلىم! بىر قانچە تىللارنى ئۆگەنگەن بولدۇم، ئەمما ھېچقايسى بىرىدە ئويلىرىمنى، خىياللىرىمنى، سۆيگۈ ـ قەھرىمنى سەن ئارقىلىق ئىپادىلىگەندەك راۋان، سەن ئارقىلىق ئىپادىلىگەندەك راھەت ئىپادىلەشكە ئاجىز كېلىپ قېلىۋاتىمەن؛ سەن ئاتا قىلغان ھوزۇرنى باشقا بىر تىلدىن تاپالمايۋاتىمەن. شۇڭا دەيمەن، سەن ماڭا جان بەرگەن، قان بەرگەن! سەن مېنىڭ بارلىقىم!





# يىللارغا جاۋاب

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلاپلا قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر- بىرىنى قوغلىشىپ يورغىلىشىپ؛
ياشلىقىبىغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يۇپۇرماقلارقۇيۇلىدۇ پۇرلىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چىبىغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكىلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ قاقشال.....

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللار سىخى، قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكىلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق، يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى، ئۆتىۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى ...
ئادەملەرمۇ ۋاقتنى قولدىن بەرمەيدۇ ،
چۆللەرنىبوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۈرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن،
تۆنۈگۈنئۆملەپ، ھە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

كۈرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۈرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى، ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم، شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىنقېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا.

قېرىماسمەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قېلىش، كۈرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمدا.

ئېسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپيشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۈرەش باياۋىنىدا هارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىپ يولغا.

يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويۇرمەن ئوغلۇمنى.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۈيۈقۇنلىرىڭنىيارىدۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقۇتۇپ باقساڭمۇ،
ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب.
1944-يىل يانۋار، ئاقسۇ



# شېئىرلار

ئەزىمجان نىزامىي (قىرغىزىستان)

## كۆردۈم

ۋەتىنىمنىڭ تەرىپى-داستانىنى كۆردۈم،
مەڭگۈ باھار، قىش بولماس بوستانىنى كۆردۈم.

قارىغانغا كۆز يەتمەس ھەرىيانىنى كۆردۈم،
چىمەنزارلىق بىغىمدا رەيھانىنى كۆردۈم.

ئەل پاراۋان- باياشات زامانىنى كۆردۈم،
بۇ دەۋرانىنى ياراتقان ئىنسانىنى كۆردۈم.

خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا ئەيلىگەن،
ۋەتەن سۆيگەن، ئەل سۆيگەن مەردانىنى كۆردۈم،

ئەل ئەمگىكى ئۈچۈن ئۈنى ئەزىز ئەيلىگەن.
كۆيكە ئۆلگە بولارلىق پالۋانىنى كۆردۈم،

ماڭلىيىدا كۆمۈش تەر تامچىپ بىزەلگەن.
ھالال مېھنەت قوينىدا دېھقانىنى كۆردۈم.

ئالا يۈرەك، كۆڭلى تار شەخسلەرمۇ بار،
ئىچى تولغان زەھەرگە چايانىنى كۆردۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ۋەدىسىگە ۋاپا يوق، ئىرادىسى جا،
يۈزلىرىدە قېنى يوق سامانىنى كۆردۈم.

بىرنى ئون قىپ ئاتار، پو ئاچا قانات سا،
ئىشلىرىدا مەززە يوق «داۋانىنى» كۆردۈم،

كىشىگە سىر ئېيتمىغىن، ئىچىڭدە ساقلا،
نادانلارغا ھال تۆكۈپ زىيانىنى كۆردۈم.

قوش ئەستەرلىك سۆزلىرى كۆلكىسى ساختا،
ھەقىقەت يوق گېپىدە يالغانىنى كۆردۈم.

سۈپىتىگە سۆز قاتساڭ ساقلاپ ئۇ گەندە،
قاراڭغۇدا مۈش ئاتقان «پالۋانىنى» كۆردۈم.

1972 ـ يىلى، فرۇنزې

# ئىزلار

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»غا بېغىشلايمەن)

گۇناھسىز كېسىلدى كۆپ ئەزىز باشلار،
تۆكۈلدى زېمىنغا قىپ ـ قىزىل قانلار.

كۆزلەردىن قۇرۇماي ئاقىدۇ ياشلار،
تەقدىرىم ئويلىسام قايىدۇ باشلار.

ئەجدادىم تارىختا قالدۇرغان ئىزلار،
ئىز بېسىپ ماڭماقتا ئوغۇل ۋە قىزلار.

زادىلا كۆمۈلمەس بىز باسقان ئىزلار،
تاڭلا ھەم نەۋرىمىز ئىز باسار ئىزلار.

ئەۋلادلار ئىز بېسىپ تاپىدۇ زەپەر،
ئىشەنچىم كامىلدۇر، ئەرتە تاڭ سەھەر.

1997 ـ يىلى، بىشكەك



# سۆيگۈ سۆزلىرى*

شېئىرلار

تىمۇر كوجائوغلى (ئامېرىكا)

## قوشتۇم

يولغا چىققىنىم بۇ كېچە
ئۆزۈمگە ئۆزۈمنى قوشتۇم

يۇل يىراق يول تېخى تۈگىمەس
يوللارغا ئۆزۈمنى قوشتۇم

نېمىنى بىلمەكچى بىلەمسەن
قوشتۇم سېنى سېغىنىشلىرىمغا

بىرى كۆرمىسە كېچە كۆرىدۇ
نېمىلەرنى قوشتۇم نېمىلەرگە چىدىدىم

## باللىنىڭ بارماقلىرى

خەرىتىلەردىن تاپالامسەن
بىر باللىنىڭ بارماقلىرىنى

ئاساسى قانۇندا كۆرەلەمسەن
بىر باللىنىڭ چاچلىرىنى

ئاۋۋالقى مىسرالاردا ئوقۇيالامسەن
بىر باللىنىڭ ئاياغلىرىنى

ئاسماندىن چۈشۈرەلەمسەن
بىر باللىنىڭ كۆزلىرىنى

دېڭىزلاردىن يىغالامسەن
بىر باللىنىڭ چۈشلىرىنى

---

* «Sevgi Sözleri» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# پوتمىگەن ئەسەر

ھېكايە

ئابدۇۋەلى تۇرسۇن (گېرمانىيە)

ـ بۈگۈن خېلى ئوبدان مۇڭدىشىۋالدۇق .كۆڭلۈم خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئەمدى، مەنمۇ قايتاي. ھە، راست ئاكا، سىزدىن بىرنەرسىنى سورىسام بولارمۇ؟

ـ خوش، قېنى سوراڭ ئۇكام.

ـ ئۆتكەندە بىر ئەسەرگە تۇتۇش قىلىۋاتىمەن، دەۋاتاتتىڭىز. پۈتۈپ قالدىمۇ، قانداق؟

ـ ھە ،ھە...ئۇكام،يېزىۋاتىمەن.پات ئارىدا پۈتۈپ قالار،ئىنشائاللاھ....

ـ ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېلى چوڭراق ئىشنى باشلىۋالغان ئوخشىمامسىز ـ ھە؟

ـ خۇدايىم بۇيرۇسا، پۈتكەندە كۆرىسىز. قالتىس سالمىقى بار بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاپتىمەن دەڭا، ئۇكام. ئەمما،مېنىڭ مىجەزىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، بىرەر ئىشقا نىيەت قىلسام، بەدىلى قانچىلىك بولسىمۇ، ئۇنى روياپقا چىقارمىغىچە بولدى قىلمايمەن.بۇ قېتىممۇ كېيىنكىلەر ئوقۇسا <ۋاھ> دېگۈدەك بىرنەرسە چىقىراي دەيمەنا!

ـ ۋاھ،ئالامەتقۇ ئاكا! ھېلىتىنلا ئوقۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.ئىنشائاللاھ،تېزرەك پۈتۈشكە نېسىپ بولار...

ـ ئىنشائاللاھ ئۇكام،مەنمۇ تېزرەك قولدىن چىقارسام دەيمەن.لېكىن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئالدىراپ قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئىمكان بار سۈپەتلىك چىقىراي، دەيمەنغۇ....

* * * * *

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئۇزۇن بولدى، كۆرۈشەلمىدۇق. ھېلىقى ئەسەرنى نەشرگە بېرىۋەتتىڭىزمۇ ـ قانداق؟ پات ـ پات كىتاپخانىغا كىرىپ قاراپ باقىمەن. لېكىن، تېخىچە ئۇچرىتالمىدىم،دەيمەنا...

ـ ھە، ھە...ئۇكام، يېزىۋاتىمەن. پات ئارىدا پۈتۈپ قالار، ئىنشائاللاھ....

ـ ۋوي، بەكلا چوڭ ئەسەرمۇ نېمە؟ بىر يىلدىن بېرى پۈتمىگىنىگە قارىغاندا؟....

ـ خۇدايىم بۇيرۇسا، پۈتكەندە كۆرىسىز.كاتتا بىر ئەسەر بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. تېما دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، كۆپ ماتېرىيال كۆرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. مۇھىمى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەقىل دەستۇرى بولغىدەك بىر تەۋەررۈك بولۇپ قالسۇن دەيمەنغۇ،ئۇكام.

ـ پاھ،پاھ،پاھ....مېنى ئاجايىپ تەشنا قىلدىڭىز جۇمۇ...

ـ ئىنشائاللاھ ئۇكام، مەنمۇ جىددى ئىشلەۋاتىمەن. ئەڭ موھىمى مۇكەممەل بولسۇن، دەيمەنغۇ....

* * * * *

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاكا، قانداقراق ئەھۋالىڭىز؟ تېنىڭىز سالامەتمۇ؟ خىزمەت ئىشى

بىلەن باشقا يەرگە كېتىپ قېلىپ، سىزنى يوقلاپ كېلەلمىدىم. كۆرۈشمىگىنىمىزگە مانا ھەش-پەش دېگۈچە بەش يىل بوپتۇ .

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، شۇنداق، كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىردەمدە نەچچە يىل بولۇپتۇ. يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن-ھە؟...

- شۇنداق،شۇنداق... ھە راست، ھېلىقى ئەسىرىڭىز نەشىردىن چىقىپ بولغاندۇ،ھەقچان؟ ئۆزۈم سىرتلاردا بولساممۇ، خىيالىم دائىم شۇ ئەسىرىڭىزدە بولدى، ئاكا.

- ھە،ھە...ئۇكام،يېزىۋاتىمەن. پات ئارىدا پۈتۈپ قالار، ئىنشائاللاھ...- نېمە دەيدىغانسىز ئاكا؟ شۇنچە يىلدىن بۇيان پۈتمىگەن قانداق ئەسەر ئۇ؟

- ھەي ئۇكام.نېمىگە ئالدىرايسىز .ئالدىرىماڭ...سىز تېخى بەزى نەرسىلەرنى چۈشەنمەيسىز-دە.مەن بۇ ئەسەرنى شۇنداق بىر يازايكى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆلمەس بىر دەستۇر بولسۇن، دەپ نىيەت قىلىۋاتىمەن. بىر مىللەتنىڭ ئىبرەتلىك ئۆتمۈشىنى يورۇتۇپ،يارقىن كېلەچىكىنىڭ يول خەرىتىسىنى سىزىدىغان بىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مېھنەت قىلىۋاتىمەن. بۇ بىر ئېنسىكلوپېدىيىك ئەسەر بولغۇسى. ئەمما، بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت ۋە زېھىن كېتىدىغان ئىشكەن .ھەي....

- ۋوي، مۇنداق دەڭا.ئۇنداقتا، بۇ بىر كاتتا ئەسەر بولغۇدەك.بوپتۇ، ئىشلىرىڭىزغا نەتىجە تىلەيمەن.ئەسىرىڭىزنىڭ پاتراق يورۇققا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

- خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكام. مەنمۇ قۇسۇرسىز بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىمەن.

* * * * *

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاكا،قانداق ئەھۋالىڭىز؟

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، رەھمەت .ياخشى .ئۆزىڭىزچۇ؟

- ياخشى، رەھمەت. مىجەزىڭىز يوقمۇ - نېمە؟

- بىراز مىجەزىم يوق. بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدۇ. بەلكىم قېرىلىقنىڭ دەردىدۇر. ھەي...

- بەك ئەنسىرىمەڭ،ئاكا. نەدىكى قېرىلىقنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز؟ بىرنەچچە كۈندىلا بۇرۇنقى ھالىتىڭىزگە كېلىسىز، ئىنشائاللاھ.

- ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن،ئىنشائاللاھ .

- ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، دېگەن ئىدىم.

- سوراڭ،ئۇكام،سوراڭ.

- ھېلىقى ئەسىرىڭىز ........

- ھە، ھە....بولدى. چۈشەندىم، ئۇكام. تېخى پۈتمىدى. يېقىندىن بۇيان مىجەزىم بولمىغاچقا، قولۇمغا قەلەم ئالالمىدىم.ئەمما خاتىرجەم بولۇڭ ئۇكام، مەن قانداقلا بولسۇن،ئۇنى پۈتتۈرىمەن. ئەسەر پۈتكەندە ئاندىن، نېمىشكە بۇ ئەسەرنىڭ بۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتتا پۈتكىنىنى چۈشىنىپ قالىسىز.

- ھە،شۇنداقمۇ؟!... بوپتۇ، يەنە بىراز ساقلايلى.....

- شۇنداق ئۇكام، ساقلاڭ.بۇ ئەسەر ئادەتتىكى ئەسەر ئەمەس .شۇڭا ئالدىراشقا بولمايدۇ.ئىنشائاللاھ، بىر كۈنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولىسىز....

* * * * *

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاكا، ياخشىمۇسىز؟

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، نېمە ئىش بار ئىدى؟

- يان تەرەپتىكى خوشنىڭىزنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم. ئىشىكىنى چەكسەم، ھېچكىم جاۋاپلىمىدى. بىر يەرگە كەتكەنمىدۇ؟

- ھە، ھىمم... سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن-دە؟

- نېمىدىن؟

- خوشنام ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا تۈگەپ قالدى.ھەي ... رەھمەتلىك ئېسىل ئادەم ئىدى. ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن. بالا-چاقىلىرى بولمىغاچقا، خولۇم-خوشنا، جامائەت بىرلىكتە ئۇزىتىپ قويدۇق.

- ...

2018-يىل 8-ئىيۇن، گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ساداقەت

**ھەبىبۇللا ئابلىمىت**

1924-يىلى ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ھىدې سابۇرا ئۇېنو پويىز بېكىتىدە بىر ئىتنىڭ كۈچۈكىنى تېپىۋېلىپ، بېقىۋالىدۇ. پروفېسسور ئىتقا "سەككىز تال" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان "ھاچىكو" دېگەن ئىسمنى قويۇپ قويىدۇ..

ساپ قانلىق، ئاق رەڭلىك، ئەركەك ھاچىكو ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىش ئۈچۈن، ئۆيدىن پويىز بېكىتىگىچە پىيادا ماڭىدىغان پروفېسسورغا ھەمراھ بولىدۇ. ھاچىكو تاكى پويىزنىڭ ئىشىكى يېپىلغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرىدۇ، پروفېسسورنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېتىدۇ.

ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر كۈنى ئاخشام پروفېسسور ئۇنىۋېرسىتېتتىن قايتىپ، پويىز بېكىتىنىڭ چىقىش ئىشىكى ئالدىدا ھاچىكونىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالىدۇ ۋە قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. پروفېسسور بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا بىر سەممىي دوستلۇق، ئىشەنچ ئورنىتىلغان ئىدى. مانا بۇ ئۆز-ئارا سۆيگۈنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئەقىللىق ئىت پروفېسسورنىڭ ئۆيگە قايتىش ۋاقتىنى ناھايىتى توغرا ھېساپلىغان ۋە ئوخشاش بىر يولنى تاللايدىغانلىقىنى توغرا بايقىغان. شۇڭا پروفېسسورنىڭ قايتىشىنىڭ دەل ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ پويىز بېكىتىگە چىقىپ، ساقلاپ تۇرغان.

شۇندىن ئېتىبارەن بىر يىل ھەر سەھەردە ھاچىكو، پروفېسسورنى پويىز بېكىتىگىچە بىللە بېرىپ ئۇزۇتۇپ قويغان ۋە ئاخشاملىرى پروفېسسور ئىشتىن چۈشكەندە بېكەتنىڭ ئىشىكى ئالدىكى ئوخشاش بىر يەردە ساقلاپ تۇرۇپ، قارشى ئالغان. سائەت ۋاقىتلىرىنى ھېچ ئالماشتۇرۇپ قويمىغان. ئەمما بىر ئاخشام پروفېسسور پويىز بېكىتى ئىشىكىدىن چىقمىغان. ھاچىكو توكيودىن كېلىدىغان پويىز ئىشىكىدىن كۆزىنى ھېچ ئۈزمەي تاڭ ئاتقىچە ساقلاپ تۇرغان. ئىككىنچى كېچىسىمۇ شۇنداق تاڭ ئاتقىچە ساقلىغان. ئۈچىنچى كېچىنىمۇ شۇنداق ساقلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئەمما پروفېسسورنىڭ سىماسى ھېچ كۆرۈنمىگەن. چۈنكى پروفېسسور ئۇنىۋېرسىتېتتا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى.

ھاچىكو ھەر ئاخشام پروفېسسورنى پويىز ۋوگزالىدىن چىقىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن بوران-چاپقۇندىمۇ، قار-يامغۇردىمۇ، زىمىستان قىشتىمۇ، تومۇز ئىسسىقتىمۇ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ، يىللاپ توكيو پويىزىنىڭ شىبۇيا بېكىتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلىغان. بۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن، ئۈمىد بىلەن، سۆيگۈ، مۇھەببەت بىلەن ساقلاش تا ئون يىل داۋاملاشقان. ھاچىكو 12 ياشقا تولغاندا شىبۇيا پويىز بېكىتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پروفېسسورنى ساقلاۋاتقان يەردە، چوڭقۇر ئىزتىراپ، سېغىنىش ئىچىدە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان ئىدى.

بۈگۈن توكيونىڭ شىبۇيا پويىز ۋوگزالىدىن چىققان يولۇچىلارنى قارشى ئالىدىغان ھاچىكونىڭ ھەيكىلى بار. ياپونلا، ساداقەت ۋە ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، ھاچىكو ئۆلگەندىن كېيىن ئون يىل بويىچە پروفېسسورنى ساقلىغان يەرگە دەرھال ھەيكىلىنى قاتۇرغان.

ھەقىقەتەن ھاچىكونىڭ بۇ ساداقىتىنى بىز ئىنسانلار ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ساداقەت ئادەمنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا دۇرۇس بولۇش سەنئىتىدۇر. ئادەمنىڭ ئادەمدەك خارەكتېرىدۇر.

ئىنسانلار بىر-بىرىگە ساداقەت بىلەن باغلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئىنسانلار گۈزەل ئەخلاق بىلەن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن بىر قەۋمنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بولغان ساداقەت ئۇلار ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە يورۇقلۇق قىيامىدىكى قۇياشتەك بىباھا. شۇڭا ساداقەت ئاز بىر قىسىملارنىڭلا ساداقىتى بولۇپ قالماستىن بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن بىر قەۋمگە خاس بولغان مەنىۋى قۇۋۋەت مەنبەسى بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق بىر قەۋم ۋەتىنىگە، مىللىتىگە، ئائىلىسىگە، دوست-يارەنلىرىگە چىن دىلىدىن ساداقەتمەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش ئىنسانلار بولغىنىدەك، ئۇلارغا ھەم خىيانەت قىلىدىغان، خائىنلىق قىلىدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان روزى مولللىدەك خىيانەتچى ئىنسانلارمۇ بار بولىدۇ.

ساداقەت بىر قەۋمنىڭ قەلبى بولۇپ، خۇددى كۈندۈزدىكى يۈزمىڭلىغان ئىللىق نۇرلىرىنى ئۈستىمىزگە سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرغان مەردانە

قۇياشقا، كېچىلىرى جىن-شەياتۇنلارنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەن زۇلمەت باسقان زېمىنغا يوپ-يورۇق يۈزى ئارقىلىق يورۇتىدىغان ئاشۇ تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ.

ساداقەتمەن كىشى پىداكار بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قەۋمىگە، ئائىلىسىگە، دوستلىرىغا مۇھەببەت باغلىغان، تىرىشچان، مەرت ۋە پەزىلەتلىك بولىدۇ.

ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ پىداكارلىق كېرەك. بولۇپمۇ ياش ئەۋلاتلار ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىش ئۆز قەۋمىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. ئىتتىپاقلىق ئۈچۈنمۇ پىداكارلىق كېرەك. نادامەتكە تولغان تارىخلاردا مىڭلىغان ئون مىڭلىغان جەڭگىۋارلار، پىداكار قەھرىمان ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئىسسىق قان بەدىلىگە كەلگەن غەلبىنى، ئىتتىپاقسىزلىقىدىن قولدىن بېرىپ قويغان تىراگېدىيەلەر كۆرمىسەك.

بىز پىداكارلىقنى مۇئەييەن كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ، ھەق يول ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاش دەپ چۈشىنىمىز. ئەمدى مۇشۇ خىل بېغىشلاشنى ئەمەلىيەتكە، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىغا ئايلاندۇرۇشتا بىرىنچى بولۇپ دۇچ كېلىدىغان نەرسە شەخسىي مەنپەئەت، ئۆز نەپسى ۋە مەنمەنچىلىك ، يەنى "مەن" نىڭ ئۆزىدۇر. پەقەت ئۆزىنى يېڭەلىگەن، ئۆز نەپسىدىن كەچكەن، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەتىنى ئۆز رازىمەنلىكى بىلەن ئومومنىڭ مەنپەئەتى، ئومۇمنىڭ ئىتتىپاق-ئىناقلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلغانلىق پىداكارلىق بولىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەرلەر، جاھان مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملار ئۆزىنى-ئۆزى يېڭىش ، ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غەلبە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە ئاجايىپ ئۆتكۈر تەلىملەرنى قالدۇرغان. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (س.ئ.ۋ. ) ئۆزى ئىشتىراك قىلغان ۋە قوماندان بولغان ئۇھۇد جېڭىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۆز ساھابىلىرى ۋە پۈتكۈل مۆئمىنلەرگە تولىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: "بىز ھازىر پەقەت كىچىك ئۇرۇشتىلا يەڭدۇق ، چوڭ ئۇرۇش تېخى ئالدىمىزدا، ئۇ بولسىمۇ ئۆز نەپسىنى ئۆزى يېڭىش كۈرىشى " دېگەن.

پىداكارلىق بىلەن ئۆز نەپسىمىزنى يېڭىپ ئىتتىپاقلىشالمىغان قەۋمنىڭ ئارمانلىرى ئارمانلىقتا، دەرتلىرى دەرمانلىقتا قالىدۇ. مانا مۇنداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولۇشنىڭ ئۆزى شۇ قەۋمگە قىلىنغان ساداقەتسىزلىكتۇر. بىر-بىرىنى سۆيمەسلىك، بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلانماسلىق، بىر-بىرىنى كەچۈرمەسلىك پۈتۈن بىر قەۋمگە قىلىنغان خىيانەتتۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر ئالىمى ئەلىشىر ناۋائىي مۇنداق دېگەن: «مۇھەببەت جۇلالاپ تۇرغان بىر گۆھەركى، ئۇ ئىنسانلىق تاجىسىغا زىننەت ۋە قىممەت بېرىدۇ»

مۇھەببەت ئىنسانلىق دۇنياسىنى چاقنىتىپ تۇرغان گۆھەردۇر. مۇھەببەت بىلەن تولغان قەۋم مەڭگۈ گۈللىنىدۇ. مۇھەببەت بولسا بۇ ئالەمنىڭ گۈللىنىشىدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر. بۇ ئالەم مۇھەببەت، سۆيگۈ بىلەنلا مەڭگۈ راۋاجلىنىدۇ. بىر قەۋمنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن لازىم بولغان بىر قۇرىماس قۇۋۋەت مەنبەسى بولسا بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببەت، سۆيگىدۇر.

بىر-بىرىنى سۆيمىگەن قەۋمدە شۇنداق بىر ئىللەت بولىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ ئورتاق ئىشقا كۆيۈنمەسلىكتۇر. ئورتاق ئىشقا كۆيۈنمەسلىك بىلەن بىر-بىرىنى سۆيمەسلىك ئىللىتىنىڭ مۇناسىۋىتى سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتى بولۇپ، بىر-بىرىنى سۆيمەسلىك، بىر-بىرىنى قوللىماسلىقتىن ئورتاق ئىشقا كۆيۈنمەسلىك، ئورتاق پائالىيەتلەرنى قوللىماسلىق كېلىپ چىققان. بۇ تەرەققى قىلىپ ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

قۇمدەك چېچىلاڭغۇ جەمئىيەتتىن پەقەت قۇمدەك چېچىلاڭغۇ ئادەم يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ شۇ قوۋمغا قىلىنغان ساداقەتسىزلىكتۇر، خىيانەتتۇر.

خىيانەت بولسا قەۋمگە قىلىنغان ئەڭ رەزىللىك بولۇپ، ئۇ نەپسانىيەتچىلىك، ساداقەتسىزلىك پارنىكىدا يېتىشىپ، ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ.

ساتقىن قارا كۆڭۈللەر بارلىق مەنپەئەتتىن مەنلا بەھرىمەن بولسام ھەتتا بۇ ئالەمدىكى بارلىق ھارام نەرسىلەرمۇ ماڭا نېسىپ بولسا دەيدىغان نەپسانىيەتچى، ئۆزىنىڭ تويماس نەپسى ئۈچۈن ھەممىنى قىلىدىغان رەزىل كىشىلەردۇر.

بۇ ئالەم تارازىسىنىڭ بىر ئۇچىدا شۇ قوۋمنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان ساداقەتمەنلەر بولسا، يەنە بىر ئۇچىدا شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن رەزىللىك قىلىدىغان خىيانەتچىلەر بار.

ئەسكىلىكنىڭ يولى تۈز ھەم قىسقا بولىدۇ، ئەمما كۆڭۈلگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن ياخشى ئىنسانلارنىڭ يولى ئەگرى-توقاي ھەم ئۇزۇن بولىدۇ. قىيىن يوللار ھامان ياخشى مەنزىرىلىك يەرلەرگە ئاپىرىدۇ.

ۋىجدانىمىز، ساداقىتىمىز بىلەن بۇ دۇنيادا شەرەپ بىلەن ياشىشىمىز لازىم. ساداقەت تەگرىنىڭ نېھمىتى، ئىنساننىڭ غورۇرىدۇر.

2016-يىلى 12-ئۆكتەبىر، گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە)

## ئاخىرقى ئاۋاز

كۆك ئاسمانىنىڭ قۇمدەك سارغايغان،
قىلدەك ئىنچىكە ئاۋازى
چىلىق-چىلىق ھۆل قىلدى مېنى،
بىراق مەن كۆيمەكتە ئىدىم سۇنىڭ ئىچىدە.
مەن پېتىۋاتاتتىم قايتا كۆتۈرۈلمەيدىغان قۇياشتەك،
يىقىلماقتا ئىدىم قايتا كۆكلىمەيدىغان دەرەختەك،
ئاسمانغا دەسسەپ تۇراتتىم، بېشىم زېمىنغا تاقاشقانىدى.
بىر ئاۋاز شۇنچە يىراقتىن ئاڭلىناتتى،
ئەمەلىيەتتە زېمىن يىغلاۋاتاتتى
ئۇ مەرھۇم ئانامنىڭ قولىدەك يۇمشاق ئىدى،
ئۇ، مەن كىچىكىمدە ئويناپ چوڭ بولغان مەھەللىمىزدەك يېقىملىق ئىدى،
مەن مەھەللىمىزنى دەپنە قىلغان كۈنى دەل مۇشۇ ئاۋازدا يىغلىغانىدىم.
باللار ئوينىغۇدەك مەھەللىلەر بولمىغاچقا
ئۇلار يا ئۆيگە ياكى بارسا-كەلمەس يەرگە سولىناتتى،
ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ بارسا-كەلمەس يەرگە سولىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن
باللارنى پەقەت ئۆيگە سولاپ باقاتتى.
ئاۋاز تېخىمۇ يىراقلاپ باراتتى،
خۇددى كەچكى شەپەق نۇرىدەك قان تاماتتى.
ئاخىرقى ئاۋازمۇ ئۈزۈلدى،
ھەممە يەر قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.
مەن پەقەت ئۈچۈپ قالاي دېگەن شامدەك پىلدىرلاپ تۇراتتىم.

2017-يىلى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ستوكھولم

## ئانا تىلىم

تارىم ئەسلى
ئانا ماكان ئىدى ئانا تىلىمدا،
ئەمدى تارىم دېسەم

باشقا نەرسە كېلەر كۆز ئالدىمغا
شۇندىن بېرى
ھېچ نەرسىنىڭ تەمى قالمىدى تىلىمدا،
خۇددى پىزا، كولدولما يېگەندەك
گۆشنان، قاتلىما ئورنىغا.
تىنەپ يۈردۈم كۆپتىن بېرى تار ۋاقتىنىڭ ئىچىدە،
ئۈچتىن يېرىمنى ئېلىپ ئىككى يېرىم قىلالماي
ياكى بىر يېرىمنى  يېرىم ئىككى دىيەلمەي نوبىل يۇرتىدا
نوبېلنىڭ نامىغا ساھىپ بولغان
سېلما لاگېرلۆفنىڭ ئەسەرلىرى،
توماس ترانستروٚمېرنىڭ شېئىرلىرى،
ۋە ئاسترىد لىندگېرېننىڭ چۆچەكلىرىنىڭ تىلىدا سۆزلەپ يۈرۈپمۇ
بىر تامچە سۇ تاپالمىدىم چاڭقاق دىلىمغا.
ئاق ۋاراققا ئويۇلغان سۆزلەر
خۇددى  تاشتىن تۈپلەنگەن كىتابتەك
قېتىپ كەتكەن ئىدى ئۆزىنىڭ ئىچىگە.
شۇنچە سوغۇق ئىدى ئۇ،
خۇددى ستوكھولم ئونۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىگە تىكلەنگەن
كوڭزىنىڭ تاش ھەيكىلىدەك
سېلما لاگېلۆفنىڭ ماڭا يازغان سۆيگۈ  خېتىنى،
توماس ترانستروٚمېرنىڭ  روھىيىتىمگە قويغان دىئاگنوزىنى،
ئاسترىد لىندگېرېننىڭ چۈشلىرىمنى تەسۋىرلىشىنى
ئوقۇۋاتىمەن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ،
خۇددى قىرتاق قارا قەھۋەنى زورلاپ ئىچكەندەك
ئەگەر سىلەرنى ئوقۇسام كۈچادا ياكى قەشقەر، قۇمۇلدا،
ئۇيغۇر دەملىگەن چاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ زۇۋانىدا،
ئايلىناتتى توماس تامچى ئۇستامغا،
سېلما، ئاسترىد گۈلچى قىزلارغا،
مەن مېنىڭ تىلىمغا، تارىمدىكى ساددا ئۇيغۇرغا.
مېنىڭ تىلىم ئانامنىڭ تىلى،
مېنىڭ تىلىم بالامنىڭ تىلى،
مېنىڭ تىلىم نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرەمنىڭ تىلى،
مېنىڭ تىلىم ئۇيغۇرنىڭ تىلى.

2017-يىلى 9-فېۋرال، ستوكھولم

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئاخىسكا خەلق شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار

## ئويغان

دەرۋىش يۇنۇس

ئۆمۈر باغچىسىنىڭ گۈلى سولاشماستىن،
ئويغان كەل كۆزلىرىم، غەپلەتتىن ئويغان.
بىر كۈن ئەجەل بىزگە پۇرسەت بەرمەستىن،
ئويغان كەل كۆزلىرىم، غەپلەتتىن ئويغان.

يۇمشاق تۆشەكتە ياتما يۇمۇلاپ،
ئەنسىرمەيدىن ئۇخلىما قانغىچە.
ئاتارلار چوڭقۇر قاراڭغۇ يەرلەرگە،
ئويغان كەل كۆزلىرىم، غەپلەتتىن ئويغان.

يۇنۇس دەرۋىش دەيدۇكى، سۆزى ئىشەنچىسىز،
سېنىڭ ئۇ كۈمۈشلىرىڭ بۇ يەردە سېتىلماس.
ئەلگە پايدىسى بولمىغاننىڭ، ھەققە پايدىسى بولماس
ئويغان كەل كۆزلىرىم، غەپلەتتىن ئويغان.

## يارىشامدۇ؟

**يىتگۈن گومورئالى**

ۋەتەنگە پىسەنت قىلماسلىق،
بوگۈن بىزگە يارىشامدۇ.
بۇ ئىشتا ھارماق، ۋازكەچمەك،
ئىبىتىڭلارچۇ، بىزگە يارىشامدۇ.

ئىنساپ قىلىڭ، كېلىڭ يولغا،
مەھكەم بەرگىن قولنى قولغا.
ئۆز يۇرتۇمىز تۇرۇۋغلۇق،
سۈرگۈن بىزگە يارىشامدۇ،

ئەي تۈرك ئوغلى، كۈچلۈك بول،
ۋەتەننى ساتماقچىمۇسەن.
ئارقاڭغا قايت، ئۆز تارىخىڭغا قارا،
ساتقۇنلۇق بىزگە يارىشامدۇ.

بولدى ھازىرغىچە ياشىغانلىرىم،
غېرىب دەپ ئاتىلىپتىمەن
ئىسمىمنى يىتگۈن قويۇپتىمەن،
يىتگۈن بىزگە يارىشامدۇ.

* «Ahıska Halk Şiirinden Seçmeler» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى

# بىزگە بىر چارە

**شىمشەك سىۆرگۈن**

ئاخىسكا دىيارى ئېلىمىز بىزنىڭ،
يەنە پەرىشاندۇر ھالىمىز بىزنىڭ.
يۇرتتىن ئايرىلىش بولدى يولىمىز ،
ئامان ئاللاھ، ئامان ، قالدۇق بىچارە،
ياندۇق ئاللاھ ياندۇق بىزگە بىر چارە.

پەرىشان قىلدى بىزنى گروزىيە،
ئايرىدى ۋەتەندىن، ئايرىدى دوستلاردىن.
تىخىچە بېشىمىز قوتۇلمىدى ھازىدىن،
ئامان ئاللاھ، ئامان ، قالدۇق بىچارە،
ياندۇق ئاللاھ ياندۇق بىزگە بىر چارە.

بىزنىڭ بەختىمىزمۇ چىچەكلەرمۇ
يۇرتى بار يۇرتتىن يۇرتقا كۆچەمدۇ
قاناتسىز قۇشلار يات يۇرتلاردا  ئۇچالامدۇ
ئامان ئاللاھ، ئامان ، قالدۇق بىچارە
ياندۇق ئاللاھ ياندۇق بىزگە بىر چارە

چاقمايدۇ دەيدۇ نىمە بولار بىزنىڭ ئەھۋالىمىز
يەتمەيدۇ دوستلارغا بىزنىڭ قولىمىز.
ھەر تەرەپتىن قورشالدى بىزنىڭ يولىمىز ،
ئامان ئاللاھ، ئامان ، قالدۇق بىچارە،
ياندۇق ئاللاھ ياندۇق بىزگە بىر چارە.

ئاخىسكا تۈركچىسىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

# ئانا

**شېئىر**

**سامەد ۋۇرگۈن (ئەزەربەيجان)**

تېخى بوۋاق ئىكەن يەرگە كۆمدى سېنى،
ھاياتقا قاناتسىز ئاتتى مېنى.
قارىغىنە قانداق ۋەيران بولدى ھاياتىم،
سەنسىز ھايات زىندان بولدى ئانا.

قەلبىڭدە باردۇر ياخشى تىلەكلەر،
لايىقتۇر سەجدىگە ساڭا پەرىلەر.
قەيەردىسەن، كۆزلىرىم ئىزلەر سېنى،
پەرزەنتىڭ سەنسىز ھازىداردۇر ئانا.

سەن قۇياش كەبى چىقتىڭ ۋە پاتتىڭ،
بىچارە بالاڭنى غەملەرگە ئاتتىڭ.
ئېيتقىنە ماڭا قايسى ئارمانغا يەتتىڭ،
شۇنچە زامان تۇپراقلاردا ئانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئاھ ئۇرسام سەنسىز، قويسامۇ توپان،
ئۆمرۈمنى بېرىمەن يولۇڭدا قۇربان.
يۇمۇلغان كۆزلىرىڭنى ئاچقىنە بىر ئويغان،
ئەمدى ھايات باشقا ھاياتتۇر ئانا.

ھازىر ئەھۋالىڭ قانداق بىلگىم كېلىدۇ،
دەردلىرىمنى ساڭا تۆككۈم كېلىدۇ.
سىنى كۆرمەك ئۈچۈن ئۆلگۈم كېلىدۇ،
تەسەللىم ئاھ بىلەن ھازىدۇر ئانا.

تۈركىيە تۈركچىسىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.

# 18 تۆگە ھېكايىسى

## (مەسەل)

بۇرۇن ئۆتكەن بىر دادا ئۈچ ئوغلىغا ئون يەتتە تۆگىسىنى مىراس قىلىپ قويۇپتۇ. دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، باللىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ.

ۋەسىيەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن: تۇنجى ئوغۇل تۆگىلەرنىڭ ئىككىدەن بىرىنى، ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئۈچتەن بىرىنى ۋە كەنجى ئوغۇل توققۇزدەن بىرىنى ئالسۇن. ئون يەتتىنى ئىككى، ئۈچ ۋە توققۇزلارغا پۈتۈن بۆلگىلى بولمىغاچقا، بۇ ئۈچ ئوغۇل تالىشىپ، جېدەللىشىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرى بىر دانىشمەندىن ئەقىل سوراشنى توغرا تېپىپتۇ. بۇ دانىشمەن ۋەسىيەتنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر تۆگىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇ ئون يەتتە تۆگىگە قوشۇپتۇ-دە، جەمئىي تۆگە ئون سەككىز بولۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاپات بولغان دادىنىڭ ۋەسىيىتىنى قايتا ئوقۇپتۇ. ئون سەككىزنىڭ ئىككىدەن بىرى توققۇز، شۇڭا ئۇ چوڭ ئوغۇلغا توققۇز تۆگە بېرىپتۇ. ئون سەككىزنىڭ ئۈچتەن بىرى ئالتە، شۇڭا ئوتتۇرانچى ئوغۇلغا ئالتە تۆگە بېرىپتۇ. ئون سەككىزنىڭ توققۇزدەن بىرى ئىككى، شۇڭا كەنجى ئوغۇلغا ئىككى تۆگە بېرىپتۇ. مانا ئەمدى ھەممىسىنى قوشۇپ باقساق:

$$9+6+2=17$$

ئېشىپ قالغان بىر دانە تۆگىنى بۇ دانىشمەن ئادەم ئۆزى ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ھېكمىتى شۇ:

بۇ يەردە مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا 18-تۆگىنى يەنى ئورتاق بىر ئاساسنى تېپىش. گەرچە باشلىنىشتا تەس كۆرۈنسىمۇ، 18-تۆگىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن بۇ مەسىلە ھەل بولغان. دېمەك بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىرىنجى باسقۇچى ئالدى بىلەن ئۇنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئەگەر بۇ ئىشىنىش بىلەن يولغا چىقمايدىكەنمىز ھېچقانداق مەسىلە ھەل بولمايدۇ. يەنى ئىشىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ھەركەت قىلىش ۋە قىلغان ئىشتىن يەكۈن چىقىرىش بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم باسقۇچلاردۇر.

ئېنگلىزچىدىن دىلدۇز تېلمان ھەسەن تەرجىمىسى

# ئانار نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي ۋە سىمۋوللۇق ئورنى ھەققىدە

زۇلھايات ئۆتكۈر(شۋېتسىيە)

مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى تۈرلۈك نۇسخىلارغا دەۋر ئالاھىدىلىكى، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىستېتىكا قارىشى قاتارلىق ئامىللار يوشۇرۇنغان بولۇپ، يېزىققا قارىغاندا ئىسپاتلاش ۋە دەلىل خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.ئانار نۇسخىسى ھەققىدە ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلاردا ئوخشىمىغان ئەپسانىلەر مەۋجۇت بولۇپ، ھەرقايسى دەۋر ۋە ئېتىقاد سىستېمىسى ئاستىدا ئانارنىڭ سىمۋوللۇق خۇسۇسىيىتىمۇ پەرقلىق بولغان ۋە ئوخشىمىغان شەكىللەردە خاراكتېرلەنگەن.ماقالىدە ئانار نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇتىم دەۋرىدىن باشلاپ ،ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئەكس



ئەتتۈرۈلىشى ۋە بۇ مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ سىمۋوللۇق رولى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئانار ئەڭ قەدىمكى يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىلەردىن بىرى بولۇپ، ئانارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئىراندۇر.فارسچىدىكى ئىسمى ئېنار بولۇپ، تۈركىيە تۈركچىسىدە نار ۋە بىر قىسىم تۈركىي تىللاردا ئانار دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.ئانار ھىندىستان ۋە يىپەك يولى ئارقىلىق ئاسىيا دۆلەتلىرىگە،ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكە دۆلەتلىرى ئارقىلىق جەنۇبىي ئامېرىكىغا تارالغان.

ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردە ئانارنىڭ سىمۋوللۇق رولى پەرقلىنىدىغان بولسىمۇ،كۆپ ساندىكى مەدەنىيەتلەردە بىناكارلىق، توقۇلما بۇيۇم ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئانار نۇسخىسى قوللىنىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئەلمىساقتىن بۇيان توقلۇق، بەرىكەت ۋە ساغلاملىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن.

بارلىق دىنلاردا ئاساسەن خاسىيەتلىك مېۋە دەپ قارالغان ئانار ئەڭ ئىپتىدائىي دىنلاردىن بىرى بولغان زەردۇشت دىنىدا(ئاتەشپەرەسلىك) ھەرخىل دىنىي مۇراسىم ۋە يوسۇنلاردا كەڭ قوللىنىلغان ۋە ئانارنىڭ خاسىيىتىگە ، قۇدرىتىگە تېۋىنىغان. بۇ خىل ئىپادە ئانارنىڭ ئىران ۋە ئافغانىستاندىن كېلىپ چىققانلىقىنىدەك كۆزقاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.ئىران ئەپسانىلىرىدە ئىسفەندىيارنىڭ ئانارنى يېگەندىن كېيىن كۈچ-قۇدرەتكە تولۇپ، يېڭىلمەس قەھرىمان بولغانلىقى بايان قىلىنىسا ، زەردۇشت دىنىدا بولسا مەڭگۈ ئۆچمەس روھقا سىمۋول قىلىنىدۇ.بىر تال ئانارنىڭ ئىچىدىن مىڭ دانە ئۇرۇقنىڭ چىقىشى يۈكسىلىش ۋە بايلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.بالىلارنىڭ تۇغۇلۇش مۇراسىملىرىدا ئانار دانىسى، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە گۈرۈچنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتراپقا چېچىش ئادەتلىرى بولغان.قەدىمكى مىسىردا مېيىتلار ئانار بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىناتتى. يەھۇدىيلاردا بولسا ئانار ئادىللىق، توغرىلىقنىڭ سىيمۋولى بولۇپ، ئانارنىڭ ئىچىدە 613 دانە ئۇرۇقنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇ ئۇرۇقلارنىڭ قانۇننىڭ 613 ماددىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئېتىقادمۇ بار.مىمارچىلىق ۋە بېزەكلەردە ئانار نۇسخىسى كەڭ قوللىنىلغان.خىرىستىيان دىنىدىمۇ ئانار مەڭگۈلۈك ھاياتقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، چېركاۋ بېزەكلىرى ۋە تام رەسىملىرىدە ئانار نۇسخىسى ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. 1



ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئانارنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئانارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەقىدىلەر ۋە قاراشلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن. ئانارغا ئائىت بىر قىسىم چۈش تەبىرلىرى بار:

ئەگەر كىسەلچان كىشى ئانارنىڭ پوستىنى يەپ چۈش كۆرسە كېسىلىدىن ساقىيىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئانار كۆرۈپ چۈش كۆرسە مەبلەغ ئۇنىڭدىن باشقا ئەندىشە ياكى بىر يەرگەسەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئانارنىڭ ئۇرۇقى ئاق كۆرۈپ چۈش كۆرسە ئاز پۇلنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئانارنىڭ ئۇرۇقى قىزىل بولسا ئۇ ھالدا كۆپ پايدىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆرىنىشى بەك پاكىزە ئانارنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە ياش قىزنى بىلدۈرىدۇ.

ئوتتۇرىدىن ئاجراپ كەتكەن ئانارنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە نۇمۇسىنى يوقاتقان قىزنى،ئاجراشقان ئايالنى ياكى بىر تۇل ئايالنى بىلدۈرىدۇ .

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغىمۇ ئانار سىماسى سىڭىپ كەتكەن بولۇپ،ئانارگۈلبالا، ئانارنىڭ دانىسى قاتارلىق ئانار كۈيلەنگەن ناخشىلار باردۇر.

شامال چىقسا ئەگىيدۇ
سەمەن يولىدا تېرەك.
ئانچە مۇنچە كەپ تۇرسىلا ئانارگۈل بالا
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئانار نۇسخىسىنىڭ قوللىنىلىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، نەققاشچىلىق، بىناكارلىق، توقۇمىچىلىق، سەرگەزچىلىك، فار-فۇر بۇيۇم سەنئىتى قاتارلىق كۆپ خىل ساھەلەردە قوللىنىلىپ كەلگەن.تارىخىي ماتېرىياللاردا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوشنىلىرى بولغان سوغدىلارنىڭ تەسىرىدە ئانار بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە ئانار نۇسخىسىنى قوللانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

لوپنۇر كۆلى بويىدىكى كىرورەن خارابىلىقىدىن ۋە نىيە خارابىلىقىدىن تېپىلغان پالاز، گىلەم پارچىلىرى ۋە يۇڭ توقۇلمىلاردىن ئانار نۇسخىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.نىيە خارابىلىقىدىن تېپىلغان بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تارىخىي دەۋرى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئانارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مىلادىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىللىرى تارقالغانلىقى مەلۇم ،2 لېكىن ئانار نۇسخىسىنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقىغا ئائىت ئېنىق بىر تارىخ يوق بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردەۋرىدىن كېيىن ئاندىن ئۆسۈملۈك ، مېۋە نۇسخىلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.بۇ سەۋەبتىن ئانار نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئانار نۇسخىلىق گىلەم قەدىمىي گىلەم نۇسخىلىرىدىن بولۇپ،چولۇك ئانار نۇسخا، شاخ ئانار نۇسخا دەپ ئىككى خىل نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، ئانار دەرىخىنى نامايان قىلىسىمۇ، لېكىن نەقىش قۇرۇلمىسىدا مەلۇم ئوخشىمايدىغان جايلىرى بولغاچقا ئىككى خىل نام بىلەن ئاتالغان.ئانار نۇسخىلىق گىلەم ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىدىن بىۋاستە ئېلىنغان بولۇپ،ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئانارنىڭ ئۇرغۇن كېيسەللەرگە شىپا بولىدىغان دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى، غازاڭ ۋە شۆپۈكلەرنى بوياق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى، ئانارنى بىرقەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرىدىغان، مېۋىسى شىپالىق بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ دەپ قارىغانلىقىنى ۋە ئانار ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. نۇسخىلاردىكى لوڭقا شەكىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا گۈل گىياھلارغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ۋە لوڭقا، تەشتەكلەردە گۈل گىياھ ئۆستۈرۈش مەدەنىيىتىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئانار نۇسخىسى قانۇنىيەتلىك، رەتلىك، ئەركىن شەكىللىك نۇسخا بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كېڭىيەلەيدۇ.شوخ كۆك ۋە كۆك رەڭلەر تەڭلىك رەڭ قىلىنىدۇ، كىشىگە جىمجىت، ئېغىر - بېسىقلىق ۋە قانائەت تۇيغۇسى بېرىدۇ.3

تۆتېم ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سەنئەت ئېڭىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.تۆتېمنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈككە تېۋىنىش ئىپادىلىرى بولۇپ، ئانارمۇ شۇ ۋاقىتتىكى تۆتېملاردىن بىرى بولغانىدى. ئۇيغۇرلار تارىختا شامان ئېتىقادىدىن كېيىن بۇددا دىنى ، مانى دىنى ، زەردۇشت دىنى ، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، قىزىل

ملك ئۆي ۋە قاراغوجا، بېزەكلىكلەردىن تېپىلغان تام رەسىملىرى ۋە قول يازمىلار ئۇيغۇرلاردىكى ئانار نۇسخىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆرنەكلىرىدۇر. بۇددا دىنىدىكى بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە خارىتى دەپ ئاتالغان داۋاملىق بالىلارنى يەيدىغان بىر تەڭرىنىڭ كېيىن ئانارنى تېتىپ



ئوكسفورتتىكى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 1801 ـ 1869 ـ يىللىرى قەشقەردىن كەلتۈرۈلگەن ئانار نۇسخىلىق ئەرەنچە تون.

كۆرۈپ، شۇندىن كېيىن بالىلارنى يېمەيدىغان بولۇپ، ئورنىغا ئانار يەيدىغان بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاۋاستېدىن تېپىلغان تام رەسىملىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان قولدا ئانار تۇتقان بۇددا تەڭرىسىنىڭ رەسىمى مىلادى 700 ـ 800 يىللارغا تەۋە بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.4ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئانار بەرىكەت ۋە سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان بولۇپ، تام رەسىملىرىدە بۇ خىل سىمۋوللۇق مەنا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كېيىن بۇ خىل نۇسخىلار خوراسان ـ ئىران يولى ئارقىلىق ئاناتولىيىگە تارقالغان ۋە كېڭەيگەن. غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئانار كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، تۈرك كۆلتۈرىدە نەسلىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئەۋلاتمۇ ئەۋلات ئۈزلۈكسىزلىكنى داۋالاشتۇرۇش قاتارلىق مەنالارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئاناتولىيىدىكى بەزى رايونلاردا تويلاردا ۋە ياكى مۇراسىملاردا ئانارنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىش ئارقىلىق تەبرىكلەيدۇ. تويدىن كېيىنمۇ بىرجۈپلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ كۆپىيىشى

ئۈچۈن ئانار يېگۈزىدىغان ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان.



ئانار نۇسخىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ھالقىسى

ئىسلام دىنىدا بولسا، قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن باغچىلاردا ئانار دەرەخلىرى بولۇپ، ھەدىس شېرىفتە ئىنام سۈرىسى ۋە راخمان سۈرىسىدە بولۇپ ئۈچ يەردە ئانار سۆزى قوللىنىلغان. ئانار قۇرئاندا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن گۈزەل نەرسىلەرگە ۋە مۆئىگە ۋەكىللىك قىلغان. ئانار نۇسخىسىنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، ئۆي جاھازلىرى ۋە بىناكارلىقتا بۇرجەك ۋە قىرلارغا سىممېترىك ھالدا چۈشۈرۈلۈپ



چەرچەن ئادىمىنىڭ ئۈستىدىكى ئانار گۈللۈك تون

ئۇيغۇر كىتاب تورىتكىتى www.uyghurkitap.com

قوللىنىلىشى ۋە قۇرئاندىكى مۆتىدىللىك ۋە باراۋەرلىك پىرىنسىپلىرىغا چۈشكەچكە ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلامغا بەيئەت قىلغاندىن تارتىپ، ئانار نۇسخىسى ئۆزىنىڭ ئاددى لېكىن يارقىن، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، خەلق ئارىسىدا ئاممىباپ ۋە خەلق ياقتۇرىدىغان بىر نۇسخا بولۇپ كەلگەن.ئانار نۇسخىسى ئىسلام سەنئىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مېھراپ شەكلىگە ئالاھىدە ماس كەلگەچكە، ئانارنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى ئۆزارا كىرىشتۈرۈلۈپ، تەپەككۇر ۋە ئارزۇلىرى بويىچە تېخىمۇ جانلىق بولغان ئانار ئوبرازى يارىتىلغان.

مىلادى 7-ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوبۇل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ،ئىسلام دىنى ئامىللىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولغان. ئەرەپ يېرىم ئارىلى ۋە پارس قولتۇقى دائىرىسىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئانار نۇسخىسى، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ قۇملۇق كىلىماتىدىن دېڭىزغا، بوستانلىققا تەلپۈنۈش ئارزۇسى بويىچە كۆك ياكى يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار بىناكارلىقتا قوللانغان ئانار نۇسخىسى چوغدەك قىزىل رەڭ بىلەن يېشىل يوپۇرماق ئۆزارا كىرىشتۈرۈلۈپ نەقىش ۋە تەسۋىرىي رەسىملەر يارىتىلغان .بۇنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقادلاردىكى قىزىل رەڭگە چوقۇنۇش ، قىزىل رەڭنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنىڭ قالدۇق تەسىرىدىن بولغانلىقىنى قىياسلاشقا بولىدۇ.ئىمىن تۇرسۇننىڭ قارىشىچە قەدىمكى ئېتىقادلاردا قىزىل رەڭ ئىنسانلارنى يامان روھلاردىن قوغدىغۇچى ئاتەش تەڭرىسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھاياتلىقنىڭ ، مەڭگۈلۈكنىڭ بىر بىشارىتى بولۇپ كەلگەن. 5تارىختا ئۇيغۇرلار كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر بىردەك مەۋجۇت بولغان مۇھىتتا ،ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىنغان ئەسلىدە بار بولغان ئانار نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ ،سەنئەتتە ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە تۈرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ئالاھىدە نۇر چېچىپ پارلاپ تۇرماقتا.



سەرگەزچىلىكتە قوللىنىلغان ئانار نۇسخىسى





مەنبەلەر:

1. Yrd. Doç.Dr. Ebru şenocak, "Halk an-lati ve inanişlarinda mitolojik bir meyve: nar" ,avrasya uluslararası araştırmalar dergisi cilt:4 ,sayı:8,ocak 2016

2.يىنا،«جۇڭگو ۋە ياۋروپا سەنئىتىدىكى ئانار نۇسخىسىنىڭ پەرقى ھەققىدە» ، يىپەك ژۇرنىلى،2015-يىل 6-سان.

3.«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ، 268-بەت.

4. Yrd. Doç. Dr. Ersel çapğlıtütüngil, türk süsleme sanatında nar: “form, köken ve ikonografik anlami”

5. ئىمىن تۇرسۇن ، «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» 65-بەت.



# ۋەتىنىنى سۆيەر ھەر كىشى

شېئىر

ئەنۋەر ئاكاتسىيە (شىۋىتسىيە)

يۇرسەكمۇ ۋەتەندىن يىراقتا.
كەتمەس ھېدى دائىم دىماقتا.
باللىقىم قالدى كوچاڭدا.
ئەسلەپ تۇرىمەن دەردۇ پىراقتا.

شەرىپىڭگە يازاي مەن داستان.
تۇپرىقى مۇنبەت باغۇبوستان.
باردۇر ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى.
ئۆز ۋەتەن ئۆزىگە گۈلىستان.

تالاي شائىر ۋەتەن دەپ يازغان.
قەلەم بىلەن ھېكمەتلەر قازغان.
ياخشىلارغا تىزىپ گۈلدەستە.
نامەرتلەرگە قولىدا بازغان.

ۋەتەن دېمەك ئانا دېمەكتۇر.
دۇئا قىلىش ئالىي تىلەكتۇر.
ۋەتىنىنى سۆيەر ھەر كىشى.
ۋەتەننى سۆيگەن ساپ يۈرەكتۇر.

2016-يىلى 21-سىنتەبىر
شىۋىتسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شېئىر ۋە كېچە

شېئىر

ئارسلان باير (تۈركىيە)

كېچە
ئېغىر ۋە ئاستا ئىلگىرلەيدۇ
قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدا
تۇمانلىق بىر ھېس چۆكىدۇ
شېئىرنىڭ ئىچىگە
سەزگۈلەر يوشۇرۇنىدۇ
يېزىشىم كېرەك قورقماستىن
كېچىنىڭ تۇمانلىق ھاۋاسىدىن
بىر قەھۋە ئىچىملىك كېرەك
سەنمۇ يۈتۈن شېئىرلارغا ھاملە
مەن تەنھا
يۈتۈن ئۆيى شېئىر
قەغەز دۆۋىلىرىدىن
ئۈستۈمگە ئۈستۈمگە كېلىدۇ
تىترەك ۋە ئۈركەك بىر شامالنىڭ ئاۋازى
شىرىن تۈيغۇلاردا
چۆرگىلەيدۇ چۆرگىلەيدۇ
بېشىم چۆرگىلەيدۇ

* «Mavının Çığlığı» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى

# كەچۈر ئانا، مەن قىلالمىدىم

## قۇدرەت ئەزىز

كەچۈر ئانا مەن قىلالمىدىم.
باغرىمغا چىڭ باسالمىدىم.
تەس كۈنلەردە راھەتتە يۈردۈم.
ياشلىقىمدا سەن ياشانغاندا،
ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم.

كەچۈر ئانا مەن قىلالمىدىم.
كىچىكىمدە يېتىلگەنتىڭ،
بۇزغانلىرىمنى تۈزلىگەنتىڭ،
يىقىلغىنىمدا يۆلىگەنتىڭ،
چوڭ بولغاندا يۆلىيەلمىدىم.

كەچۈر ئانا مەن قىلالمىدىم.
يامانغا ئارلاشما ئوغلۇم دېگەنتىڭ.
قىتىلدىم سىپىگە ، ماڭدىم يولىدىن،
چۈنكى مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى دېگەنتىم.
ئوغلۇڭ مەنمۇ ئەسلىيەلمىدىم.

كەچۈر ئانا مەن قىلالمىدىم.
تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭنى چاقتىم.
يورۇقلۇقتا سەن ئۇلاشتۇرغانتىڭ.
كۆر ئوغلۇڭ "ئاقنانچى" چارەسىز،
يۈرەككە ئەركىنلىك ئوتىنى ياقتىم.

كەچۈر ئانا مەن قىلالمىدىم.
«سۇغا كىرسەڭ بەلگىچە» ئەجدادلاردىن؛
جاۋابى : كىردىم گەلگىچە ! ئەۋلادلاردىن.
يەتتىدىن يەتمىشكىچە ھالى بەرباتلاردىن.
يۇرت-ئاۋام، خەلىق-ئەلگىچە، بارى سەكراتلاردىن !

# ئەي ۋەتىنىم، يىراق سۈرگۈنگاھ!

## ئەخمەتجان ئوسمان

1

مەن قانچە رەت پاناھلاندىم ئۆزۈمدە
بېشىمغا بۇ بالدۇر كەلگەن تەنھالىقتا..
ھەمدە كۆزۈم، بەزى چاغلاردا،
ھەسرەتلىرىم جىمىققان ھامان
يۇمۇلار تېزلا،
ھېچ قالدۇرماي ماڭا «مەن تەنھا»
دەيدىغان پۇرسەت

2

ئېسىمنىڭ زېمىندىكى
شۇ قەدىمي ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆچۈپ قالغان جىنچىراغ توغرىسىدا
بىر دەملىك خىيالدىن كېيىن،
ئويغاتماقتا مېنى يوچۇن بىر تۇيغۇ
زاۋال تاپقان كىتابلارنىڭ قۇرلىرى ئارا
سەرسانلىق پەرىشتىسى سىبھرىدە
.«ئەي، ۋەتىنىم... يىراق سۈرگۈنگاھ!»
دەپ!
ئېغىز ئاچقان قۇشلارنى ئىزدەش
پەيتى ئەمدى كەلدى، دېگەندەك.

3
ئىستەيمەن بۇدەم
ئۇنۇتسام دەپ قۇشلار قىلغان سۆزلەرنى،
تاپسام دەيمەن
قەدەملىرىم قانىغان شۇ تۇن زېمىننى
قانداقسىگە ئويلىماي ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلىغانلار ھەققىدە؟!
چۈنكى ئاۋاز بۇرار مەندە يۈنۈلۈشنى
مەن كۆرۈندۇم شۇڭا ئۆزۈمگە:
گوياكى مەن قۇشلار قىلغان ئاشۇ سۆزلەر.

4
بۇ يەردە،
شۇڭغۇماقتا مۇجمەل ئاي
كۆزلىرىمنى باسقان كەچكى شەپەقتە،
تەجەللىيەت بۇلىقىدا باغاشلىغاندەك
سەرسان ئىدىيەمنى.
«قەدەم تاشلا مەن تامان!...»
خىتاب قىلار ماڭا جىنچىراغ،
«زاۋال تاپقان زېمىنىمدىن چىق ئەمدى،
شۇنچە يارقىن ئاۋاز بىلەن ئېغىز ئاچقىن
ئەركىن ھالدا:
ۋەتىنىم! ـ دەپ»

5
سۆز ھالىتى ئىچرە مەن
كەلتۈرمەكتە ئىدىم كونا قۇياشىمنى ئەسلىگە،
بارئىدى ھەم بەلكى زامانىنىڭ
كۈندۈزدىنمۇ باشقا نەقىل كەلتۈرىشى،
ئايان بولدى، شۇڭلاشقا،
چۈشەنگىلى بولمايدىغان، سەۋەپسىز بىر بۆرىدەك،
ھەمدە بىر خىل گۇڭگاللىق كەبى
بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان.
مەن سورايمەن ئۆزۈمدىن شۇ لەھزە ھەققىدە
قانداق زېمىن بولۇشى مۇمكىن؟!
قۇلاق سالىمەن: ئۇندا ئازاپ چاقىرماقتا،
شۇنچە يىراق بىر جايدا،

ئويغىتىدۇ مەندە ھەتتا مۇساپىنىڭ ئىشتىياقىنى،
قەبرىلەردە قاغجىرىغان شاخلارغا قونغان
قاغا ئۈندەك...
ئويلاندۇرۇپ مېنى دېڭىز كەڭلىكىنى،
سۈرگۈنگاھنىڭ مابەينىدە.
ئۇندا يەنە ماڭا ھامى شۇ قۇشلار
كەلگۈسى ئاراللاردىن بېرەر بېشارەت.

6

بەلكى قېتىپ قېلىشى شامالللارنىڭ
ئەتراپىڭلاردا،
ئەي، ئۇزاقلاپ كەتكۈچىلەر،
تەقدىردۇر تېرەن ئۆلۈمنىڭ كارسىزلىقىغا ـ
ئائىت بولغان ئېتىقادنىڭ تۆپەيلىدىن،
ھەمدە مەن ئۆزگە شەيئى ئەمەس،
پەقەت
ئۆزۈملا بولۇپ كەلگەن سەۋەبىدىن
شۇنداقتىمۇ،
بۈيۈك قۇشلار پەرۋاز ئەيلىگەن
سامالاردىن قەتئىينەزەر،
مەن يەنە تونۇش كۆينىڭ قاناتلىرى ئاستىدا
ئويغانغان دەمدە،
تەلتۆكۈس سۈكۈتۈمدە مەن تۇرغان زېمىن
ئىزتىراپقا چۈشكەن دەمدە،
كۆرمەكتىمەن
پۈتكۈل شەيئىلەر
ئايلانماقتا ئەتراپىمدا زۇلمەتتە...

7

ئىزلەيدۇ تەن، شۇنداقلا،
كۆك تۇماندا تېمىسقىلاپ يۈرۈپ ئەرۋاھتەك،
خۇلاسىلاش ئۈچۈن ئازاب شەكلىدىن
ئاشكارىلانغان شەيئىلەرنىڭ يۈنۈلۈشىنى،
ھەم قايتىدىن تۈزەپ چىقىش ئۈچۈن چۈشنى،
ئىستەپ ئۇندا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى،
ئاڭا ئىسىم ئاتا قىلىشنى...

8

قۇشلار شۇنچە پاناھلاندى قەلبىمدە
ۋۇجۇدىنى سۈر باسقان يىراق زاۋالدا...
ھەم كۆزلىرى، بەزى چاغلاردا،
خىياللىرىم جىمىققان ھامان،
يۇمۇلار تېزلا ـ
ھېچ قالدۇرماي ئاڭا ئۇي ـ خىياللىرىنى
دەيدىغان پۇرسەت:
«گۈزەل ئىدى كۈندۈز تولىمۇ...
نېمىدېگەن قاباھەت ـ ھە، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چېقىلماقتا قەدەملىرىڭ كولدۇرمىلىرى
پاسىللىرىدا يۇرتلارنىڭ،
ھەمدە ئايال ئەمچەكلىرى شورلىشىۋاتقان
رۇجەكتىكى قۇياشنىڭ ئەكس ساداسى
ئەتراپىڭدا ئۈزلۈكسىز ياڭرىماقتا:
ئەي...
ۋەتىنىم....
يىراق سۈرگۈنگاھ...!

1996 ـ يىلى



# تەنلىرىم ياپراق

تۇرغۇن ئالماس

تەنلىرىم ياپراق، تىترەپ توختىدى،
يۈرۈگۈم دەردلىك ئەركىن سوقمىدى.
چۈنكى ئەي يايرىم، سېنىڭ ھالىڭنى،
كۆردۈم پىغاندا، غۇنچە چاغىڭنى.

ئاستىلاپ ئۆسۈپ، ئۇنبەشكە كەلدىم،
تىخمۇ دەھشەت باستى پەلەكنى.

دۈشمەننى بىلمەي، دوستۇم دەپ يۈرۈپ،
بىر نامەرد زالىم قانخور ئەزدى يۈرەكنى.

ئويغان ئەي يايرىم، رەقىپلەر يامان،
ئەگەر ئويغانمىساڭ، يىغلاتۇر زامان .
مېنىڭ چىرايىم، سارغايدى سامان ،
ئەمدى مەن كەتتىم، سەن قالغىن ئامان.

# ئەقىللىق دېھقان

چۆچەك

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا ناھايىتى نامرات بىر دېھقان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ يىل بويى كىشىلەر ئىشىكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئاخىر ئۇ يوقسىزلىقنىڭ دەردىگە چىدىماي، داد ئېيتىپ پادىشاھ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ:

-نېمە ئادەمسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

-مەن يەيدىغانغا نېنىم يوق، كىيىدىغانغا كىيىمىم يوق نامرات بىر بىچارىمەن، - دەپتۇ دېھقان.

پادىشاھ:

-بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىڭ نېمە؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟- دەپتۇ. دېھقان:

-مېنىڭ تەلىپىم يۇقۇرى ئەمەس. قولۇمغا يارلىق يېزىپ بەرسىلە، يۇرتۇمدىكى بەگلىرىم ماڭا كالا تېرىسىچىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇ بەرسە، ئۇنىڭدىن باشقا سىلىگە دەيدىغان تەلىپىم يوق، پادىشاھى ئالەم، -دەپتۇ.

پادىشاھ، مەندەك بىر پادىشاھ ئۈچۈن، كالا تېرىسىچىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇغا يارلىق چۈشۈرۈش قانچىلىك ئىشتى، دەپتۇ-دە، بىر پارچە يارلىق يېزىپ، مۆھۈرىنى بېسىپ دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. دېھقان تەزىم ۋە بىرمۇنچە رەھمەت- ھەشقاللا بىلەن ئوردىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دېھقان ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىر پارچە كالا تېرىسى ۋە بىر دانە چېلەك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن كالا تېرىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە تاسما قىلىپ تىلىپتۇ، چېلەكنىڭ تۈۋىنى ئېلىۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بەگنىڭ ئالدىغا پادىشاھنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. بەگ يارلىقنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقسا: «تەۋەيىڭلاردىكى بۇ دېھقانغا كالا تېرىسى چوڭلۇقىدا يەر، بىر چېلەك سۇ بېرىڭلار » دېگەن يارلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ دېھقاننى باشلاپ ئېتىزلىققا بېرىپتۇ.

دېھقان تاسمىنى چۇۋۇپ بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ئۇن بەش تاناپ يەرگە يېتىپتۇ. دېھقان بەگنى يەنە ئۇستەڭ يېنىغا بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، تۈۋى يوق چېلەكنى ئۆستەڭگە قويۇپ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بۆككەنىكەن، ئېرىققا بىر تاشلىق سۇ چىقىپتۇ. بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ دېھقانغا ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. يەر بىلەن سۇنى بەرمەي دېسە، پادىشاھنىڭ يارلىقى بار، شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز يەر بىلەن سۇنى دېھقانغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دېھقان ئالۋان- سېلىقتىن خالىي بوپتۇ. تۈۋى يوق چېلەكتىن چىققان سۇ يىل بويى دېھقاننىڭ ئېتىزىغا ئېقىپ، بىر ئۆمۈر غەمسىز ياشاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشى تارقىتىشى

# ئىككى شېئىر

مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە)



## پارىژدا ئۇيغۇرچە سۆزلەش

بىز ھەسرەت تۇيغۇسىدىكى ئاچارچىلىقتا
مەۋجۇدلىقىمىز يىراقتىكى مىسكىن ئاۋازدا
تارىخنىڭ دەرسى كېسىپ ئۆتەر رەستىلەر ئارا
قۇياش نۇرى ئانىي تاپتى مېنىڭ جىسمىمنى
سىنا دەرياسى يۇيۇپ چىقتى روھىمنى
سەنئەتنىڭ بۈيۈكلۈك دەۋرى
ھەققانىيەتنىڭ دار ئالدىدىكى چۈشى
سىزىلغان يوللار
مومىيادا قاتۇرۇلغان بىنالار
سەلتەنەتنىڭ تاش قوراللار دەۋرى
كوچىدىكى ئاشكارىلانغان مۇھەببەت
گۈل رەڭگىدە سوزلەيدىغان كوچىلار
قانلىق ھەم شانلىق تارىخقا شاھىد مۇزېيلار
ئېگىزلىكىدىن شۆھرىتى بۈيۈك مۇنار تاش كېسەككە ئايلانغان زەپەر دەرۋازىسى
خۇددى مېنىڭ ئۈچۈن چۈشتەكلا
ناتونۇش تىل
ناتونۇش شەھەر
ناتونۇش ئاسمان
ناتونۇش بولۇت
ئىشقىلىپ بارلىق ناتونۇشلارنىڭ ھەسرىتى
مېنى يىراق تەكلىماكانغا سۆرەپ ماڭماقتا
دېڭىزغا ئايلانغان ئادەملەر
ئادەمگە ئايلانغان دېڭىز
تىللارنىڭ قورشاۋىدا قالغان بىز
تەنھالىقنى پارچىلاپ تاشلىدىم بۇ شەھەردە
قىتئەلەر
ئىرقلار
دىنلار گىرەلەشمە جەڭ بولۇپ ئاقماقتا
كوچىدىكى ھىجاپلىق ئايال
ئۇنىڭغا ياندىشىپ يالىڭاچ تەنلىك ئايال
سوئال ۋە سوراق
ھەسرەت ۋە ئازاپ
بەخت ھەم بەختسىزلىك بۇ شەھەردە جىپسىلاشماقتا
بۇ شەھەرگە مەن مۇساپىر
بۇ شەھەر ماڭا ناتونۇش
بۇ شەھەرگە مەن تىلغا ناقىس
بۈگۈن بىز بۇ يەردە ياشاۋاتىمىز
ھاياتنىڭ تەڭلىك تارازىسىدا
پارىژ قەدىمىيلىكىنىڭ يېڭى تېگى
بۈگۈننىڭ قەدىمى يولى

مەن پارىژدا مۆرەككەپ بىر ئازاپلىق تۇيغۇنىڭ قارشىسىدا
روھىمنى ئىزدەپ كىتىپ قالدىم
ساماۋى چۈشلەردىكى تەكلىماكانغا دۆملەنگە
ئاقۋەت...
بارلىق قورشاۋلارنى بۆسۈپ چىقىپ
ساناشنى باشلىۋەتتىم ئېغىل مۇنارىنىڭ پەلەمپىيىنى
مېنىڭ ئانا تىلىم...
مېنىڭ جان تىلىم...
مېنىڭ قان تىلىم ئۇيغۇر تىلىدا.

## سۆيگۈ كېمىسى

ئۇ چوقۇم ئىككى ياكى ئۈچ مېتىر
بەلكىم ئۇنىڭدىن بۈيۈك
ياكى ئاياقلىرىم پاتقان يەرچىلىك...

تونۇش كېچىلەر مۇسەللەس ئىچەر
مەستخۇش بولۇپ يىغلايدۇ دۇنيا
بىرجۈپ يۈرەكنىڭ ئۆكسۈشلىرىدە...

بىز چىققان سال ئايلىنىدۇ بۈيۈك كېمىگە
سەن گۈل رەڭگىدە پىچىرلىغاندا
سۆيگۈدە دۇنيانىڭ چاچلىرىنى تاراپ تۇرۇپ...

تاشلاپ ماڭىمىز سۆيگەن ھەم سۆيۈلدۈرگەننى خۇددى جان بولسا دېگەندەكلا
ئۇخلىتىپ قويۇپ بار تەسەۋۋۇرىمىزنى ...

تۇغماس كېچىلەر پىچىرلاپ تۇرۇپ
سۆزلىمەكتە ھەقىقەتلەرنى
تەۋەككۈلدە ئېچىلمايدۇ «گۈل» دەپ ...

بىز ھەيدەپ كەلدۇق بۈيۈك كېمىنى
قاچىلاپ دۇنيادىكى بارلىق سۆيگۈنى...

بۇ سۆيگۈ بۈيۈك بىر كېمە
پاتقۇزىدۇ پۈتكۈل دۇنيانى
ئىزدەپ تاپارسەن پارللىل نۇر ئارىسىدا...

ئاي ۋە قۇياشقا ئايلىنىپ كەتتۇق
بۈيۈكلەرنىڭ دۇئاسىدا...

2016 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى

ئابلىكىمجان سابىت ئوغلان

توختىماستىن خىيال سۈرۈمەن،
تاپالمايمەن مۇڭداشلىرىمنى.
مۇساپىرلىق ئەزدى يۈرەكنى،
تاپالمايمەن قانداشلىرىمنى.
كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياشلىرىم،
سىغىنىشقا بىرەلمەي بەرداش.
جانىم ئاتا-جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

ئازاپلاردا ئۆتمەكتە كۈنۈم،
كۆز يۇمماستىن ئۆتمەكتە تۈنۈم.
سىغىنىمەن سىمايىڭلارنى،
كۆز ئالدىمدا بالىلىق كۈنۈم.
تامچە مېھرىڭ ئۈچۈن تەشنا مەن،
مەلھەم بولغاي ئاجىز يۈرەككە.
جانىم ئاتا- جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

كوچىلاردا تەنھا يۈرۈمەن،
ھەمراھ ماڭا سانسىز خىياللار.
ۋەتەن ئىشقى چۈشكەن يۈرەكتە،
نالە قىلار قايغۇ- پىغانلار.
سىغىنىشقا بىرەلمەس بەرداش،
مېھرىڭىزدىن ئايرىلغان يۈرەك.
جانىم ئاتا- جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

تەلمۈرىمەن مەشرىقكە قاراپ،
ئاھ ۋەتەن دەپ ئۈنسىز پىچىرلاپ.
ھەدە- سىڭلىم، قېرىنداشلىرىم
دوستلىرىمنى غايىپ قۇچاقلاپ.
ئاكام بىلەن ئىنىم كۆرۈنمەس،
ئاھ يۈرەكىم بولدىغۇ زەرداپ.
جانىم ئاتا- جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

سىغىنىمەن ئېقىن سۇلارنى،
زەرەپشان ۋە تارىم دەرياىنى.
تەلمۈرۈمەن يىراق- يىراققا،
كۆرمەك بولۇپ شۇ تەڭرىتاغنى.
تەكلىماكان قۇملىرى باسسۇن،
سىرغىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىمنى.
جانىم ئاتا- جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

سىغىنىمەن قېرىنداشلارنى،
بىرگە ئۆسكەن دوست-ئاداشلارنى.
يىشىللىققا پۈركەنگەن شۇنچە،
دەل-دەرەخ ۋە ئېتىزلىقلارنى.
ئاھ ۋەتىنىم مۇقەددەس تۇپراق،
ساڭا يەتمەك ئەمەستۇر يىراق.
جانىم ئاتا- جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

ھەر دائىما دۇئا قىلىمەن،
مەن ۋەتەنگە چوقۇم يېتىمەن.
شۇ سىغىنغان ئاتا- ئانامنىڭ،
قوللىرىغا قانماي سۆيۈمەن.
ياشقا تولغان يۈز-كۆزلىرىمگە،
قوللىرىنى تويماي سۈرتۈمەن.
جانىم ئاتا- جانىم ئانىجان،
سۈرتۈپ قويۇڭ كۆز ياشلىرىمنى.

# ئىلى دەرياسى

ئەكرەم ھاشىموۋ (ئۆزبېكىستان)

*داڭلىق شائىرىمىز خېلىل ھەمرائېۋنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىغا بېغىشلايمەن*

شائىر سەن سۆيۈپ ئۆتتۈڭ شانلىق ئىلى دەرياسىنى، غەزەل بوستانىدا ياشناتتىڭ، گۈزەل ئۆسمەك ۋادىسىنى.
تارىخڭنى ۋاراقلاپ چەككەندە مىڭ زار-پەريات، شېئىرىڭ بىلەن ياراتتىڭ يېزىپ خەلقىڭ نىداسىنى.

دۈشمىنىڭدىن ئۆچ ئالالماي زۇرگۇنىڭدا سەن شۇ كۈن، نې باتۇر پەرزەنتلىرىڭ بەردى ئۈنىڭ ژازاسىنى.
مۇھەببەت بېغىدا سەندەك داستان ياراتقان كىم بار، ھەمرايۇ-زۆھرا بولۇپ قىلدىڭ ژان پىداسىنى.

باغرىڭنى مىڭ پارە قىلىپ ياڭرىغاندا مۇڭلۇق «ژۈنۈن»، سەن ئۈچۈن ياراتتى خەلقىڭ بۈيۈك مۇقام ساداسىنى.
ۋەتەن ئىشقىدا يانغان ژۇرۇگۇڭ بولماس خار سىنىڭ، ھېچ بىر ژۇرەك ساقلىيالماس سەنچىلىك ئۆز ۋاپاسىنى.

تۇر شائىر قوپ ياتمىغىن، دەرتمەن ئۇيغۇر خەلقىڭغا باق، شۇم رەقىپلەر كۆكسىگە ئاتقىن غەزەپ ئوق-ياسىنى.
ۋەتەن ئازاتلىقىن كۆرەلمەي ئۆتۈپ كەتتىڭ سەن بۈگۈن، مەڭگۈلۈك سۆيگەن خەلقىڭ ئۇنۇتماس خېلىل ھەمراسىنى.



# ھىسام چاقچاقلىرى

## ئۇقماپتىمەن

ھىسامىدىن ۋەلىسپىت مىنىپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. تار يولدا ئېشەك مىنگەن بىرسى يولنى بوشاتماي مېڭىۋەردى. ھىسامىدىن زەردە بىلەن قوڭغۇراق جىرىڭلىتىۋەرگەن ئىدى، ھېلىقى كىشى ئاخىرى كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە:

— بەللى بۇرادەر، ئېشەككىمۇ قوڭغۇراق جىرىڭلىتامدىكەن — دەپ كۈلدى.

— كەچۈرسىز — دېدى ھىسامىدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، — ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكىمۇ ئېشەك ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن.

## مەلۇمات

بىر مەشرەپتە ھىسامىدىننىڭ چاقچاقلىرىغا قايىل بولغان بىراۋ ئۇنىڭ مەلۇماتىنى سوراپتۇ:

— بۇرادەر، ئوقۇغانمۇسىز؟

— ئوقۇغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھىسامىدىن خاتىرجەم ھالدا.

— نەچچە يىل ئوقۇغان؟

— بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقۇغان.

ھىسامىدىننىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ھېلىقى كىشى يەنە سوراپتۇ:

— قايسى دەرسنى ياخشى كۆرەتتىڭىز؟

— تەنەپپۇسنى، — دەپ يەنىلا خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ ھىسام.

## ئېشەك ۋە تەخەي

باشقىلارنى كەمسىتىشنىلا ياخشى كۆرىدىغان بىر مەنمەنچى كىشى ھىسامىدىن بىلەن كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپتۇ:

— ھىسامىدىن، تەخەيدەك ماڭماي تۇز ماڭساڭلار بولمامدۇ؟

ھىسامىدىن دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىزگە ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن تەخەيدەك ماڭماي نېمە ئىلاجىم بار؟

## ئوبدان مەسلىھەت

ھىسامىدىننىڭ خوتۇنى جىلىخور ئايال بولۇپ ھەدىسىلا سوقۇشۇپ، ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئايالى ھىسامىدىنغا كۆينەك تىكىپ بەرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ بويى، يېڭىنى ئۆلچەشكە باشلاپتۇ. ئۆلچەش بويىغا كەلگەندە، ھىسامىدىن دەررۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ.

— بولدى خوتۇن، ياقىنى ئۆلچەپ ئاۋارە بولما.

— ھوي نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپتۇ خوتۇنى.

— ياقىسىنى خالىغانچە كىچىك تىكىۋەر، — دەپتۇ ھىسامىدىن پەرۋاسىزلا، — ئىككىلا قېتىم سوقۇشساڭ سوزۇپ جايىغا كەلتۈرۈپ قويىسەن.

## قوڭغۇراق جىرىڭلىمىغان بىلەن

ھىسامىدىن بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ۋەلىسپىت سودىسىغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. دەللال جىقراق چاي پۇلى ئېلىش نىيىتىدە كونىراپ كەتكەن ۋەلىسپىتنى يالغاندىن ماختاشقا باشلاپتۇ.ئالغۇچى ۋەلىسپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئۇرۇپ كۆرۈپ:

— قوڭۇراق جىرىڭلىمايدىكەنغۇ؟

— دەپ سوراپتۇ.

شالاخشىپ كەتكەن ۋەلىسپىتنى قىممەت باھادا ساتماقچى بولغان دەللالغا غەزەپلىنىپ تۇرغان ھىسامىدىن گەپكە ئارىلىشىپ:

— ئوبدانراق قاراڭ ئاكا، — دەپتۇ ئالغۇچىغا، — قوڭغۇرىقى جىرىڭلىمىغان بىلەن باشقا يېرى جىرىڭلاپ تۇرمامدۇ.

## ئەپچىللىك

ھېسامىدىن سەنئەتچى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ياسىما ساقىلى ئۈزۈلۈپ قولىغا چىقىپتۇ. شۇ خەتەرلىك پەيتتە ھېسامىدىن دەرھال ئىشنى گەپ بىلەن ئوڭشاپ:

— تووۋا، خالايىق كۆرىڭلارمۇ، قېرىغاندا ساقالغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەن ـ ھە!؟ — دەپتۇ ـ دە، ساقالنى يانچۇقىغا سېلىپ رولىنى داۋام ئەتكۈزۈۋېرىپتۇ.

## تويدا يەيمىز دېگەنغۇ

ھېسامىدىن كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنى تويغا بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ. ھېسامىدىن ھەدىسىلا داستىخاندىكى مەزەلەرنى كۆرسىتىپ:

— ئاپا، ئاۋۇنىڭدىن، ئاپا، ماۋۇنىڭدىن، — دەپ قەغىش قىلىۋېرىپتۇ.

خەقنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلغان ئانىسى چاندۇرماي يېنىدىكى ئايالغا دەپتۇ:

— بالا دېگەن قىززىقتە، ئۆيدىغۇ كەمپىت بەرسىمۇ يىمەيدىغان....

ھىسامىدىن دەررۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— نەدە، ئۆزەڭ تويغا بارغاندا يەيمىز دىگەنتىڭغۇ!

www.uyghurkitap.com

# دىدار غەنىمەت

م. توختاخۇنوۋ، د.روزىئېۋا (قازاقىستان)

چىن دوستلۇقتىن تىزىپ گۈلدەستە،
قول تۇتۇشۇپ ئىناق ياشايلى.
سەمىمىيەت بىلەن بەس-بەستە
كېلەچەككە قەدەم تاشلايلى.

قەلبىمىزدە يانسۇن تا ئەبەد،
سېغىنىش ھەم مېھىر-مۇھەببەت.
دوستلار بىلەن بىللە بولغاندا،
دەم غېنىمەت-دىدار غېنىمەت.

ئەقىل، بىلىم دايىم مەدەتكار،
شۇڭا ھەممە ئاڭا ئىنتىزار.
مەخسەتلەرگە يېتىش يولىدا،
ئامەت، ئۇتۇق بىزگە بولسۇن يار.

# شېئىرلار

فەرىدە ئەفرۇز (ئۆزبېكىستان)

## مەن ئۆزى كىممەن

مەن ئۆزى كىممەن،
تاشلاندۇق قۇدۇق،
يامغۇرلارنىڭ ئېسىدىن چىققان،
بېلىقلىرى ئۇسساپ جان بەرگەن،
قومۇشلىرى ئۆيۈپ نەيلەنگەن
تاشلاندۇق قۇدۇق.

سەن ئۆزى كىمسەن،
سۇغا چۆككەن تاش،
قىيالارنىڭ يادى ئۆچۈرگەن،
تەۋرەشلەردە توپ-توپ تۆكۈلگەن،
چوقىلاردىن مەڭگۈ ھەيدەلگەن،
سۇغا چۆككەن تاش.

ئىشىق- ئۇ نېمە؟
ئۇنتۇلغان تۆگمەن.
دۇنيالارنىڭ ئەسلىرىدە يوق،
قۇشلار ئۇچقان مەڭگۈلۈك ئۇۋا،
ھوقۇشلارغا شاد-خۇرام ماكان،
ئىككىمىزنى داندەك يەنچىگەن،
ئۇنتۇلغان تۆگمەن.

## سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار

سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار
ئاپاق ۋە يۇمشاق،
كاشكى،قارا بولسا.

سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار
يۈرىكىمگە كىرمەكتە ئۈزۈپ،
كاشكى، ئۆتۈپ كەتسە.

سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار
يامغۇرسىز، قۇرغاق...
كاشكى، ياش تۆكسەم.




# «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى

2017-يىلى 10-ئايدا « 100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتاب ئىستانبۇلدىكى « سۇتۇق بۇغراخان» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. جەمئىي 2 تومدىن تەركىب تاپقان كەڭ ھەجىملىك بۇ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ئەسەر، مۇستەقىل تەتقىقاتچى مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ توققۇز يىللىق جاپالىق ئىشلىشى ۋە ئەستايىدىللىق تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلدى. ئاپتور بۇ قىممەتلىك تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەستايىدىللىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە يېزىلغان مەنبەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە يىراق شەرق، ئوتتۇرا ئاسيا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قاتارلىق رايونلاردىكى ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردىنمۇ پايدىلانغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ۋەتەن ۋە مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەسەر توپلاش ۋە تەرجىمە قىلىشى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەردە قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن.

گەرچە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىمىزدا مىڭلاپ داڭلىق شەخسلەر ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاپتور قولغا كەلتۈرگەن ئەسەرلەرگە ئاساسەن ئالدى بىلەن بۇ 100 مەشھۇر شەخسنى تونۇشتۇرغان. ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى ئاساسى مەقسىتى، مىللىتىمىزگە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تارىخىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن مۇھىم كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلارغا ئۇيغۇر تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن شەخسلىرىمىز ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات قىلىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىش. بۇ سەۋەپتىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىلدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە نۇرغۇنلىغان شەخسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى مۇقەررەر.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شەخسلەر تۆت پىرىنسىپقا ئاساسەن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ بۇلار: 1. ئۇيغۇر بولۇشى؛ 2. تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس بولىشى؛ 3. ئىجابىي شەخس بولۇشى؛ 4. تۇغۇلغان يىلى رەت تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىش

بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا خەلق ئەدەبىياتىنىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەت بېرىلگەن. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا باشلامچى ژانىر بولۇپ، ئۆز تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. قىرغىز خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەپسانە تۈرى ئۈچۈن « ئەپسانە خەلقىنىڭ قەلبىدە خاتىرە بولۇپ، ئاجايىپ گۈزەل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە تارىخىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

بىرىنجى تومغا كىرگۈزۈلگەن شەخسلەر ئالدى بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىۋى خاقانى، تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەپسانىۋى ھۆكۈمدارى ئالىپ ئەرتۇڭادىن باشلاپ تاشئاخۇنۇمغىچە، ئىككىنچى تومغا ئابدۇقادىر داموللامدىن باشلاپ زەيدىن يۈسۈپكىچە ۋە بۇ 100 شەخسكە قوشۇمچە قىلىپ غازى باي، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى، ئەھمەد شاھ قاراقاش، سەلەي چاققان، توختى جانباز، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم، يۈسۈپبەگ مۇخلىس، خېۋىر تۆمۈر، ئابدىرېھىم ئەھمەدى ۋە كۈرەش كۈسەن،... قاتارلىق شەخسلەر كىرگۈزۈلگەن.

www.uyghurkitap.com

# ئالمۇتادا «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىل 26-ماي كۈنى ئالمۇتادىكى خەلقئارا يېڭى تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەجلىس زالىدا ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە بارلىققا كەلگەن «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنى تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى بولۇپ ئۆتتى. مۇراسىمنى «تىنچلىق دۇنياسى» خەلقئارالىق قازاق ئىجادىي بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ھەرقايسى ئاممىۋى جەمئىيەتلەر ۋەكىللىرى، شەھەر-يېزىلاردىكى يۇرت-جامائەت ئاكتىپلىرى قاتناشتى.

«تەكلىماكان» ژۇرنىلىنى تونۇشتۇرۇش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغان مىللەتلەر دوستلۇقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئازتېكىن ئىبراھىموف كېيىنكى چارەك ئەسىر مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، تاشكەنتتە «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن ئەنە شۇ ئالاقىلەرنى تىكلەش مەقسىتىدە ئۇنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇلجان بەرايېفنىڭ قازاقىستانغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەسلەپ سۆزگە چىققان ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى يېنىدىكى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى، تېخنىكا پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئابدۇلجان بەرايېف سوۋېت دەۋرىدە ۋە مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى يىللاردا ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر، «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كېلىش تارىخى ھەم ئۇنى نەشر قىلىشنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرى ئۈستىدە توختالدى.

مۇراسىمدا سۆزگە چىققان پېشقەدەم ژۇرنالىست ئابدۇكېرىم تۇردىياروف ھەرقانداق بىر گېزىت ياكى ژۇرنالنىڭ خەلقنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، تىلىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئەدەبىياتىنى تەرغىب قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، كېلەچەكنىڭ ياشلار قولىدا بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ياشلاردا مىللىيلىكنىڭ سۇسلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىملىقىنى بىلدۈردى.

جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئېرشات ئەسمەتوف ھازىرقى زاماندا بىرەر گېزىت، ژۇرنال ياكى كىتاب نەشر قىلىشنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىي مەتبۇئاتىنى قوللايدىغانلارنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن



قاتتىق تەشۋىشلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ يەنە قىرغىزىستاندا، ئۆزبېكىستاندا مىللىي مەكتەپلەر، مەتبۇئات، تىياتىر، ئوقۇش ئورۇنلىرى ۋە باشقىلار يوق بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىنىڭمۇ جىددىي ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

يازغۇچى ئىلاخۇن جەلىلوف ئەدەبىياتسىز مەدەنىيەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، مەدەنىيەتنىڭ ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «كىم نۇرغۇن بىرىلسە كۆلكە-چاقچاقىقا، شۇ خەلق ئايلىنار نادان، ئاخماققا» دېگەن سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ دىققىتىنى كۆپرەك ئويۇن-تاماشاغا ئەمەس، بەلكى مىللىي مائارىپنى، ئەدەبىياتنى، سەنئەتنى ھەم مەنىۋى، ھەم ماددىي قوللاشقا ئاغدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى.

«تۇران دۇنياسى» جەمئىيەتلىك فوندىنىڭ رەئىسى كارلىن مەخپىروف بولسا، مەزكۇر ژۇرنالنى جۇمھۇرىيەتلەر ئارا، يەنى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان ئارا ئورتاق نەشىر-ئەپكارغا ئايلاندۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەزكۇر يىغىندا سۆزگە چىققان باشقا زىيالىيلارمۇ بىرلەشمىلەر ۋەكىللىرى، يۇرت-جامائەتچىلىك ئاكتىپلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممىسى «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنى ھەر جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يىغىندا يەنە داڭلىق ژۇرنالىست ئابدۇكېرىم تۇردىياروف ۋە «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇلجان بەرايېف بۇرۇن نەشر قىلىنغان ژۇرناللارنىڭ ئاقىۋەتلىرى ۋە بۇ يېڭى ژۇرنالنىڭ ئىستىبالى ھەققىدە مۇھىم سۆزلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۆزبېكىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئەلشىر ناۋائىي بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى خاتىرىلىدى

ئۆزبېكىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئەلشىر ناۋايى بىلەن زاخارىددىن مۇھەممەد بابۇرنى خاتىرىلىدى.

ئۆزبېكىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان ئۆزبېكىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئىستانبۇل، كونيا، سامسۇن، ئەرزۇرۇم، ساكاريا ۋە كوجالى قاتارلىق شەھەرلەردە جەم بولۇپ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم پىشىۋالىرىدىن نىزامىددىن ئەلشىر ناۋايى بىلەن زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، «ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىزدىن: ناۋايى ۋە بابۇر» تېمىلىق خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ئۆزبېكىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە خەلقئارا ئوقۇغۇچى فوندى بىرلەشمىسىنىڭ بىرلىكتە ئىستانبۇلدا تەشكىللىگەن خاتىرىلەش پائالىيىتى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىستانبۇل باش ئەلچىسى، ئىستانبۇل ۋالىسى، ئىستانبۇل ۋە ئىستانبۇل سىرتىدىن نۇرغۇنلىغان تۈركىيەلىك ۋە چەتئەللىك ئاكادېمىسيەنلەر، تەتقىقاتچىلار، ئاممىۋى تەشكىلات باشلىقلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان ئۆزبېك، تۈرك ۋە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

يىغىن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىستانبۇل باش ئەلچىسى شۆھرەت ئامىنوۋ ئەپەندىنىڭ ئېچىلىش نۇتۇقى بىلەن باشلاندى. باش ئەلچى نۇتۇقىدا بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزبېكىستاندا ھەممە مەكتەپلەردە دەرس قىلىپ ئوقۇتۇلىۋاتقانلىقىنى، ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك ناۋايى ۋە بابۇرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. يىغىندا بۇ ئىككى ئالىم ھەققىدىكى قىسقا فىلىملەردىن ئارىيەلەر قويۇلدى ۋە ناۋاينىڭ غەزەللىرى بىلەن ئېيتىلغان ناخشىلار ياڭرىتىلدى. باش ئەلچىدىن كېيىن ئىستانبۇل ۋالىسى گۈنگۆر ئازىم تۇنا ئەپەندىم ۋە بەزى ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرى سۆز قىلغاندىن كېيىن ئاكادېمىسيەن ۋە تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىككى ئالىم ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈشتى. تۈركىيىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق كەسپى بويىچە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئۆزبېكىستانلىق، ھىندىستانلىق ۋە چەتئەللىك بەزى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆز تەتقىقاتلىرىنى تەقدىم قىلدى. يىغىندا بۇ ئىككى ئالىمنىڭ شېئىرلىرى دېكلىماتسىيە قىلىندى ۋە غەزەللىرىگە ئاساسەن ئورۇنلانغان ناخشىلار ئۆزبەك ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئورۇنلاندى. شۇنداقلا ئالىملار ھەققىدىكى ھۆججەتلىك فىلىملەر قويۇلدى. يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تۈركىيىدە تۈرك دۇنياسى ناخشىسىنى ئوقۇش بىلەن تونۇلغان داڭلىق خەلق ناخشىچىسى بۇنيامىن ئاقسۇڭگۇر ئەپەندىم ئۆزبېكچە ناخشا ئورۇنلاپ بەردى. يىغىندا يەنە ئۆزبېكىستان كۈلتۈرى ۋە تارىخى نامىلىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى ۋە قاتناشقۇچىلارغا پولو ئىكرام قىلىندى.



يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى

5 ـ ماي كۈنى ئىستانبۇلدا «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا تۈركىيەدە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇشقا كىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۈركىيەدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار، زىيالىيلار، دوختۇرلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بولۇپ كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى.

بۇ يىغىن ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇنقى بۆلۈمدە ئۇيغۇر زىيالىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى.




بۇ ئۇچرىشىشتا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان ئوقۇش، تۇرمۇش ۋە خىزمەت تېپىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يوللىرى توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا يەنە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاممىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تەكىتلەندى.

يىغىننىڭ چۈشتىن كېيىنكى بۆلۈمىدە «3 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا تىل، مىللىي كىملىك، تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە نۆۋەتتە تارىختىكى ئەڭ جىددىي بىر خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، يېقىنقى

زامان ئۇيغۇر تارىخىدىن بۇيان كۆپلىگەن ئۇت يۈرەك سەرخىللار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى خاتىرىلەشنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتۈلدى.

يىغىندا ئەھمەد يۈكنەكى، سابىت داموللام، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلدى ۋە دوكلات بېرىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا دوكلات بەرگۈچىلەرنى تەبرىكلەپ تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى ۋە يىغىن قاتناشچىلىرى بىرلىكتە خاتىرە رەسىمگە چۈشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئۇيغۇر بالىلار





ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ مەنزىرىلىرى: بوغدا كۆلى (يۇقىرىقى رەسىم)، تاشقورغان (ئاستىدىكى رەسىم)


ISSN: 2602–389X